ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلەردىن بەھرىلىنىش مەجمۇئەسى - 5

6

# بەرمىسۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى

1



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلەردىن بەھرىلىنىش مەجمۇئەسى - 5

6

# بەرمۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى

1

تۈزگۈچى: تاكاخاشى شوخې
تەرجىمە قىلغۇچى: ئابلىمىت مۇھەممەت يىلتىزلىق

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

مەجمۇئە نامى: ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلەردىن بەھرىلىنىش مەجمۇئەسى - 5 (6)

كىتاب نامى: بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى - 1

پىلانلىغۇچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن

تۈزگۈچى: تاكاخاشى شوخېي

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابلىمىت مۇھەممەت يىلتىزلىق

مەسئۇل مۇھەررىرى: مەرھابا تەۋەككۇل

مەسئۇل كوررېكتورى: نۇرئالىيە ئابدۇكېرىم

تەكلىپلىك كوررېكتورى: ئابدۇرېھىم ئابلىمىت

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۈچقۇن

نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 - نومۇر

پوچتا نومۇرى: 830000

تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى

زاۋۇت: شىنجاڭ شىنخۇا خۇالۇڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى

فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32

باسما تاۋىقى: 5.125

نەشرى: 2011 - يىلى 3 - ئاي 1 - نەشرى

بېسىلىشى: 2011 - يىلى 3 - ئاي 1 - قېتىم بېسىلىشى

كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 5469 - 1442 - 8

ئومۇمىي باھاسى: 224.00 يۈەن (جەمئىي 10 كىتاب)

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)

# مۇندەرىجە

1. ئۆمۈچۈك تورى ........................ 1
2. «قانىتى بار» ئالماس ........................ 3
3. ساختىلىق ........................ 5
4. ئۇدۇلدىن كەلگەن ماشىنا ........................ 7
5. ئايال پادىشاھنىڭ ئۆلۈمى ........................ 10
6. يالغانچى ئايال مالاي ........................ 12
7. تۈرمىدىن قاچقان جىنايەتچى ........................ 14
8. قارا بارماق ........................ 17
9. ئوت ئۆچۈرۈش سۈيى ........................ 20
10. خاتا قان تىپى ........................ 22
11. پوچتا ماركىسى بولاش دېلوسى ........................ 24
12. ئۈچ ساندۇق ........................ 26
13. قايسىنى تاللىغان ........................ 29
14. توقۇلمىلىق قولۇلە ........................ 32
15. چۆپ نېمە ئۈچۈن قۇرۇپ كەتمىدى ........................ 34
16. ھىيلىگەر ئوغرى ........................ 36
17. يوقالغان گۆرۈ پۇلى ........................ 38
18. زەھەر ساتىدىغان راھىب ........................ 40

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

19. قاتىلنىڭ ئاياغ ئىزى ........................ 42
20. قاتىل كىم ........................................ 44
21. دۆت قاتىل ........................................ 46
22. پىيادە سەپەر قىلغۇچى ........................ 48
23. ئايالىمنى مەن ئۆلتۈرمىدىم .................... 50
24. ئالدامچىلىقتا يول يوق ........................ 52
25. چۈمۈلىنىڭ دېلو مەلۇم قىلىشى .............. 54
26. تاپانچا يوقىتىش دېلوسى ........................ 56
27. كەسپىي ئالاھىدىلىك ............................ 58
28. ئىچ كىيىمدىكى سۈۋەرەك ........................ 61
29. ساختا ۋەسىيەتنامە .............................. 63
30. سېتكا توپ سارىيى پارتلاش دېلوسى .......... 65
31. يېڭنە مىختىكى مەخپىيەتلىك .................. 67
32. ساپ ئالتۇننىڭ خۇسۇسىيىتى .................... 69
33. ئۇ نېمە يېگەن؟ .................................. 71
34. ئايال كۆتكۈچىنىڭ قولىدىكى مەرۋايىت ........ 73
35. بىخەتەرلىك ئىشكاپىنىڭ مەخپىي نومۇرى ...... 76
36. مۇئەللىم نېمە دەرس ئۆتىدۇ .................... 78
37. رىقابەتچى ........................................ 80
38. مۇقىم نىشان ...................................... 82
39. ئوتنى كىم ياققان ................................ 84
40. ساختا نەق مەيدان ................................ 87
41. زەھەرلىك يېڭنە بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلوسى ........ 90

42. بولقا بىلەن ئالماس ............................ 92
43. ئاچالدىكى قان ئىزى ............................ 95
44. ئېھتىياتچان ھېنرى ............................ 97
45. قىيادىن سەكرىگەن كۆزەينەك ............................ 99
46. بۇلاڭچى ............................ 101
47. تېلېگراممىا يېشىش ............................ 103
48. سىز ئۇنى تونۇيسىز، يەنە... ............................ 105
49. بايلىق يوشۇرۇلغان جاي ............................ 107
50. ئاچلىقتىن ئۆلگەنمۇ ياكى قورقۇپ ئۆلگەنمۇ؟ ............................ 110
51. قەيەرگە نەزەربەند قىلىنغان ............................ 112
52. ئالماشتۇرۇۋېتىلگەن زەھەرلىك دورا ............................ 114
53. ئەتكەسچىنىڭ ماھارىتى ............................ 117
54. زىيادە ئەقىللىق يازغۇچى ............................ 119
55. قالتىس ئىسپات سۆزى ............................ 121
56. مۇرەككەپ قەھۋە ............................ 124
57. ئوغرى كىم ............................ 127
58. سىز پاي چېكى ئوينىغانمۇ؟ ............................ 129
59. زىراپە كىشنەمدۇ ............................ 131
60. زەھەرلىك كىيىم ئاسقۇچ ............................ 134
61. بانكا بۇلاش دېلوسى ............................ 136
62. ياخشى ئامال ............................ 138
63. دېلو ھەققىدە ئەقلىي خۇلاسە ............................ 140

ئۇيغۇر كىتاب تورى كۈتۈپخانىسى
www.uyghurkitap.com

64. مېزى ئېچىلىپ قالماق ........................ 142
65. مىس ئالۋاستى ........................ 144
66. خەت يېزىلمىغان ۋەسىيەتنامە ........................ 146
67. قۇش مايىقى ........................ 148
68. ئىككى جىنايەت گۇماندارى ........................ 150
69. كىر يۇيۇش دۇكىنىدىكى خېرىدار ........................ 153

# 1

## ئۆمۈچۈك تورى

شەنبىنىنىڭ يەر ئاستى مەخپىي ئۆيىدە 10 ساندۇق قىممەتلىك ئاسارئەتىقە بۇيۇملىرى بارئىدى.

بىركۈنى ئەتىگەندە ئۇ پىچەتنى بۇزۇپ ساندۇق ئىچىگە قاراپ بېقىۋىدى، بىر ساندۇق قۇرۇق بولۇپ چىقتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرھال ساقچىغا مەلۇم قىلدى. ئۇ ساقچى باشلىقىغا ئامبارنىڭ ئاچقۇچى ئۆزىدىلا تۇرىدىغانلىقى، ھەر كۈنى يېنىدىن ئايرىمايدىغانلىقى، يەتتىپ كېتىشى ياكى باشقىلارنىڭ چېقىلىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېيتتى. ساقچى باشلىقى نەق مەيدانىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ:

— بۇ بىر بېكىنمە ئۆي بولۇپ، پەقەت بىرلا تۆگلۈكى بارئىكەن، ھەمدە تۆگلۈك پولات چىۋىق بىلەن قاپلانغان، پولات چىۋىقنىڭ ئىككى تېلى يوق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۈستى ئۆمۈچۈك تورى بىلەن قاپلانغان ئىكەن، — دېدى.

بۇ بىراۋنىڭ بۇ يەردىن كىرىپ دېلو سادىر قىلىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرەتتى.

ساقچى باشلىقى: «بۇنى شەنبىنىنىڭ بىر جىيەنى بىلىدىكەن، لېكىن ئۇ قىمارغا خۇمار بولۇپ قالغاچقا، شەنبىن ئۇنى بۇرۇنلا ئۆيدىن قوغلاپ چىقارغانىكەن، ئۆمۈچۈك تورى بۇزۇلمىغان ئەھۋالدا، ئۇمۇ بۇ يەرگە كىرەلمەيدۇ!» دېدى.

«ئەگەر بۇ ئامباردا قىممەتلىك نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com



## بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى = 1

جىيەنىدىن باشقا ئۈچىنچى بىر ئادەم بىلمىسە، بۇ نەرسىلەرنى چوقۇم ئۇنىڭ جىيەنى ئوغرىلىغان» دېدى خونتېر. دېلو پاش قىلىنىش نەتىجىسى، خونتېرنىڭ ھۆكۈمىنى ئىسپاتلىدى.

**جاۋابى:**

بۇ دېلونى پاش قىلىشنىڭ ئاچقۇچى ئۆمۈچۈكنىڭ تورنى قانداق توقۇيدىغانلىقىنى بىلىشتە بولۇپ، ئاز دېگەندىمۇ ئۈچ ئۆمۈچۈك بىر ئاخشامدا بىر تور توقۇيالايدۇ. شىنبىنىڭ جىيەنى پولات چىۋىقتىن ئىككىنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇ يەردىن ساندۇقنى ئوغرىلاپ كەتكەن، ئاندىن ئۇ يەرگە بىر قانچە ئۆمۈچۈك قويۇپ قويغان، شۇنداق قىلىپ شىنبىن ساندۇقنىڭ يوقالغانلىقىنى بايقىغان چاغدا، پۈتۈن ئۆي ئاللىبۇرۇن ساختا بېكىنمە ھالەتتە ئىدى.

# 2

## «قانتى بار» ئالماس

ئەمدىلا تىجارەت باشلىغان بۇ سودا سارىيى ناھايىتى چوڭ ھەم بەك كۆركەم بولۇپ، نۇرغۇنلىغان سودىگەرلەرنى جەلپ قىلدى. سودا ساراي ئىچىدە بىرمۇنچە ئۈنچە ـ مەرۋايىت دۇكانلىرى بارئىدى. ئۈنچە ـ مەرۋايىت دۇكانلىرىنىڭ ھەممىسى 1 ـ قەۋەتتە بولۇپ، بۇ يەردە ئادەممۇ كۆپ ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ پوكەيگە كىلىپ نەرسە سېتىۋالىدىغانلارغا قارىغاندا كۆرۈپ باققىلى كەلگەنلەر كۆپ ئىدى. خېرىدارلا بولىدىكەن، خىنىملار ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن ھەقىقىي مال سېتىۋالىدىغانلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى.

بۈگۈن، يۈرۈش ـ تۇرۇشى قوپال، پوزىتسىيەسى ناچار، ناھايىتى نۇرغۇن پۇلى باردەك بىر ئادەم مارىنىڭ پوكىيى ئالدىغا كەلدى. بۇنداق ئادەملەرنىڭ پۇلىنى ئاسان ئالغىلى بولاتتى، شۇنىڭ بىلەن مارى ئاچچىقىنى يۇتۇپ، گەپدانلىق ماھارىتىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، سەۋرچانلىق بىلەن ھېلى ئۇنى، ھېلى بۇنى ئېلىپ ئۇنىڭغا كۆرسىتەتتى.

ئاخىرى خېرىدار بىر ئالماس ئۈزۈكنى ياقتۇرۇپ قالدى، خېرىدار ئۇنى كۆرۈۋاتقاندا ئېھتىياتسىزلىقتىن ئۈزۈك ئۇنىڭ قولىدىن چۈشۈپ كەتتى، مارىنىڭ كەسپىدىشى ئۈزۈكنى دەرھال يەردىن ئالدى. مارى بىر قاراپلا ئۇنىڭ ساختا ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالدى.

# بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى - 1

شۇ سەۋەبتىن ئىككى تەرەپ گەپ تەگىشىپ قالدى. ئامانلىق ساقلىغۇچىلار ھېلىقى خېرىدارنى ئىشخانىغا ئېلىپ كىرىپ ئاختۇرۇپ كۆردى، لېكىن ئۇنىڭدىن ئۈزۈك چىقمىدى، شۇڭا ئامالسىز ئۇنى قويۇپ بەردى. بۇ ئىشتىن نارازى بولغان خېرىدار پۇكەي ئالدىغا بېرىپ، مارىنى مەسخىرە قىلدى، ھەمدە مارى ۋە بۇ شىركەتنى ھامىنى تۇگىشىدۇ، دېدى.

جاۋابى:



# 3

# ساختىلىق

قاش قارايغان چاغدا، بىر كىچىك قىز كۆمۈر گازىدىن زەھەر-لىنىپ ئۆلۈپ كەتتى. غەلىتە يېرى شۇكى، قىزچاق تۇرغان ئۆي-نىڭ ئىشىك ـ دېرىزىلىرى ھەم ئېتىلگەن. ھەتتا ئىشىكنىڭ يوچۇقلىرىغىمۇ قەغەز چاپلىۋېتىلگەنىدى. تەكشۈرۈشكە كەلگەن جىنايى ئىشلار ساقچىسى مۇنداق بېكىتتى: باشقىلار سىرتتىن ئۆينىڭ ئىچىنى مۇنداق چاپلىۋېتەلمەيدۇ، بۇ قەغەزلەرنى ئاشۇ قىز ئۆزى چاپلىغان، دېمەك، قىز ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان.

لېكىن قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۆز قىزىنىڭ مىجەزىنى ئوبدان چۈشىنىدىغانلىقىنى، بۇ قىزنىڭ ھەرگىزمۇ يەڭگىللىك بىلەن ئۇنداق قىلمايدىغانلىقىنى، بۇنىڭ چوقۇم بىر سۇيىقەست ئىكەن-لىكىنى ئېيتتى.

تەكشۈرۈش ئارقىلىق مەلۇم بولدىكى، ئۇ قىزنىڭ بىر ئوغۇل دوستى بولۇپ، ئۇ يېقىندا باشقا بىر قىز بىلەن تېپىشىپ قالغان. ئۇ بۇ قىزنى ئىشىمغا كاشىلا بولىدۇ، دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا سۇيى-قەست قىلغان.

ئۇ يىگىت بۇ قىز بىلەن بىر بىنادا تۇرىدىغان بولۇپ، ۋەقە يۈز بەرگەن كۈنى ئۆيدە بارئىكەن، لېكىن ئۇ ھېچنېمىنى بىل-مەيمەن، دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇ يالغان گەپ قىلىۋاتاتتى!

بۇ بىر كونا بىنا بولۇپ، ئىشىك بىلەن كېشەك ئارىلىقىدا كىچىك بىر يوچۇق بارئىدى. ۋەقە چىققان ئۆينىڭ ئىشىك بېشىدا

## بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى = 1

پېچەتلەر بارئىدى. بىنا باشقۇرغۇچى ئاشۇ كۈنى كېچىدە كىر ئالغۇ ياكى چاڭ سۈمۈرگۈچنىڭ ئاۋازىدەك بىر ئاۋازنىڭ ناھايىتى بوش چىقىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان.

كېيىن ساقچىلار يىگىتنىڭ ئۆيىدىن قىزىل رەڭلىك چاڭ-توزان سۈمۈرگۈچنى تاپقان. شۇنىڭ بىلەن ساقچىلار يىگىتنىڭ قاتىللىق قىلغانلىقى توغرىسىدىكى ئىسپاتنى تاپقان.

**جاۋابى:**



# 4

## ئۇدۇلدىن كەلگەن ماشىنا

يېقىندا پرومشۇس دوستىنى قارا قويۇپ تاپقان پۇلغا بىر ماشىنا سېتىۋېلىپ، كۆرەڭلىگەن ھالدا ئادەمسىز تاغ يولىدا ھەيدەپ كېتىپ باراتتى. تۇيۇقسىز ئالدى تەرەپتىن بىر ئادەم چىقىپ كەلدى، پرومشۇس ماشىنىنى تورمۇزلاشقا ئۈلگۈرەلمەي، ئۇ ئادەمنى سوقۇپ ئۆلتۈرۈپ قويدى.

پرومشۇس بۇ كېچىدە ھېلىقى ئۆلگۈچى بىلەن ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ماشىنىسىنى دەرھال بۇراپ، ئارقىغا قاراپ قاچتى، ئۇنىڭ ئۆيى مۇشۇ تاغنىڭ باغرىدىكى دېڭىز بويى داچىسىدا ئىدى.

ئۇ ماشىنىنى ھەيدەپ ئۆيىگە يېقىن جايدىكى بىر دوقمۇشقا كەلگەندە، ئالدى تەرەپتىن ناھايىتى تېز سۈرئەتلىك بىر ماشىنا چىقىپ قالدى. ماشىنىنىڭ چىرىغى ناھايىتى يورۇق بولۇپ، سۈرئىتى پرومشۇس ھەيدىگەن ماشىنىنىڭ سۈرئىتى بىلەن ئوخشاش دېگۈدەك ئىدى. بۇ يول پەقەت ئىككىلا ماشىنا پاتىدىغان تار يول ئىدى، ئۇ ئارىلىق سىزىقتىن ئۆتۈپ كەتمەسلىك ئۈچۈن، رولنى سولغا بۇرىدى، قارشى تەرەپتىن كېلىۋاتقان ماشىنىمۇ ئۇنى دوراپ رول بۇرىدى. ماشىنا چىرىغىنىڭ يورۇقى ئۇدۇل چۈشۈپ تۇراتتى، «‹ئۇنداق قازانغا، مۇنداق چۆمۈچ› دېگەن شۇ بولدىغۇ» دەپ ئويلىدى، پرومشۇس. «بايا مەن بىر ئادەمنى سوقۇۋېتىپ قاچقان ئىدىم، ئەمدى بىر ساراڭغا ئۇچراپتىمەن، ئۆزۈممۇ تۈگە-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





شىدىغان بولدۇم.» ئۇنىڭغا ئۆزىنى چەتكە ئالغۇدەك جاي قالمىغانىدى.

ئۇ كۆزىنى يۇمۇپلا رولنى شىددەت بىلەن ئوڭغا بۇرىدى. دەل شۇ پەيتتە، ئۆزىنىڭ يول چېتىدىكى ئېھاتە توسۇقىنى بۇزۇپ، ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى، ئۇ دېڭىزغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇ بىر ئاماللارنى قىلىپ ماشىنىدىن چىقىۋېلىپ بەختكە

يارىشا ئامان قالدى.

قاتناش ساقچىلىرى دېلونى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، نەق مەيدانىنى تەكشۈرۈپ، پرومشۇسنىڭ ماشىنىسىنىڭ ئىزىدىن باشقا، قارشى تەرەپتىن كەلگەن ھېچقانداق ماشىنا ئىزىنىڭ يوقلۇقىنى بايقىدى. پرومشۇس بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كۆڭلىگە بىر ئادەمنى كەلتۈردى، لېكىن جەزملەشتۈرەلمىدى.

**جاۋابى:**

[illegible]

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# 5

## ئايال پادىشاھنىڭ ئۆلۈمى

كىلىئو. چاترا قەدىمكى دەۋردىكى مەشھۇر ئايال پادىشاھ بولۇپ، رىم ئىمپېرىيەسى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا يېڭىلىپ ئەسىرگە چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن، كىچىك بىر ئۆيگە سولىنىپ، غەلىبىنى تەبرىكلەش پاراتى مەزگىلىدە رىمغا ئېلىپ بېرىپ سازايى قىلىنماقچى بولغان. رىم پادىشاھى ئۇنىڭ قەيسەر ئايال ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، سازايى قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇنى قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئېلىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرگەن.

سازايى قىلىنىشىنىڭ ئالدىنقى كۈنى ئاخشىمى، بىر دېھقان ئۇنىڭ ئۆزىگە قىلغان شەپقىتىگە جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن، بىر سېۋەت مېۋە ئېلىپ ئۇنى يوقلاپ كەلگەن. نازارەت قىلىدىغان چېرىك سېۋەتنى تەكشۈرۈپ، ئەنجۈردىن باشقا نەرسە يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئايال پادىشاھقا ئەكىرىپ بەرگەن.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئايال پادىشاھنىڭ ئۆلگەنلىكى بايقالغان.

ئۇنىڭ جەسىتىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆكسىنى زەھەرلىك يىلان چاققان ئىز بايقالغان بولۇپ، يىلان زەھىرى بىلەن ئۆلگەن ئىدى. لېكىن ئۆي ئىچىدىن زەھەرلىك يىلان تېپىلمىغان. ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان يېرى شۇكى، ئۆلۈۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قاتتىق نازارەت ئاستىدا تۇرغان بۇ ئايال زەھەرلىك يىلاننى نەدىن تاپقان؟

جاۋابى:

زەھەرلىك يىلان دېھقاننىڭ سېۋىتىدىكى ئەنجۈر ئاستىغا يوشۇرۇلغان. دېھقان ئايال پادىشاھنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى بولۇپ، ئۇرۇشتىن بۇرۇنلا پادىشاھنىڭ ھاۋالىسىنى تاپشۇرۇپ ئالغان، يەنى پادىشاھ ئۇنىڭغا: ناۋادا مەن ئەسىرگە چۈشۈپ قالغۇدەك بولسام، ماڭا زەھەرلىك يىلان ئەكىلىپ بېرىڭ، مەن ئۆلۈۋېلىش ئارقىلىق ھاقارەتلىنىشتىن ساقلىناي، دەپ تاپىلىغان.

يەنە بىر خىل ئەھۋال بار. بەزىلەر، ئايال پادىشاھ ھايات ۋاقتىدا خاتىرجەم ئۆلۈۋېلىش ئۇسۇلىنى تۈرمىدە زەھەرلىك يىلان ئارقىلىق سىناق قىلدۇرغان. ئۇنىڭغا كىيىم تىككەندە، كىيىمگە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدىغان يىلان زەھىرى يالىتىۋېتىلگەن. شۇڭا ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۆي ئىچىدىن يىلان تېپىلمىغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# 6

## يالغانچى ئايال مالاي

ساغلاملىق پسىخىكىسى تەتقىقاتچىسى چىڭمۇ ناھايىتى زور تەرەققىيات يوشۇرۇن كوچىگە ئىگە ئالىم بولۇپ، ئۇ ئىلىم - پەن ئۈچۈن ئۆمۈر بويى توي قىلماسلىققا قەسەم قىلغان ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئۆيىدە ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا مەسئۇل بولىدىغان ئايال مالايدىن باشقا، كىتاب ۋە قولىيازمىلارلا بار ئىدى.

5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، پسىخولوگىيە فاكۇلتېتى قۇرۇلغىنىغا 30 يىل بولغان خاتىرە كۈن بولۇپ، كۆپچىلىك مۇشۇ ئىشنىڭ تەييارلىقى بىلەن ئالدىراش ئىدى. يىغىندا، مەكتەپ رەھبەرلىرى، فاكۇلتېت رەھبەرلىرىمۇ سۆزلەپ بولدى، پەقەت ئوقۇتقۇچىلار ۋەكىلى چىڭمۇلا كۆرۈنمەيتتى.

تەشكىللىگۈچى ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنى ئىزدىدى، لېكىن ئۇ ئاللىبۇرۇنلا ئۆز ئۆيىدە ئۆلگەنىدى.

ساقچىلار دېلو مەلۇماتىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، دەرھال نەق مەيدانغا يېتىپ كەلدى. رازۋېدكىچىلار باشلىقى ئايال مالايدىن گەپ سورىدى:

«تەخمىنەن ئىككى سائەت ئىلگىرى» دەپ گەپ باشلىدى، ئايال مالاي «چىڭمۇ ئەپەندى ماڭا مۇز سېلىنغان ۋىسكىدىن بىر رومكا قۇيۇپ بېرىشنى بۇيرۇپ بولۇپ، يەنە مېنىڭ مۇنچىنى تەييارلاپ بېرىشىمنى تاپىلىدى. ئۇ يەنە مۇنچىغا چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇخلايدىغانلىقىنى، ئىككى سائەتتىن كېيىن ئويغىتىپ قويۇشۇم-

نى ئېيتتى. چۈنكى ئۇ فاكۇلتېتتا ئۆتكۈزۈلگەن تەبرىكلەش پائا-
لىيىتىگە قاتناشماقچى ئىدى. لېكىن مەن ئىشىكنى شۇنچە چەك-
سەممۇ ئۆي ئىچىدىن ھېچقانداق ئىنكاس چىقمىدى، شۇڭا مەن ئۇ
ئۇخلاۋاتقان ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كىردىم، بۇ چاغدا ئۇ ئاغ-
زىدىن كۆپۈك ئېقىتقان ھالدا يەردە ياتقان ئىكەن.»

رازۋېدكىچىلار باشلىقى چىگمۇنىڭ رومكىسىدىن مۇزدىن باشقا يەنە ئۇيقۇ دورىسىنىڭ بارلىقىنى بايقىدى.

مۇنداق قارىغاندا چىگمۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغاندەك قىلاتتى، لېكىن رازۋېدكىچىلار باشلىقى بۇ قەستلەپ ئۆلتۈرۈش دېلوسى بولۇپ، بۇ ئىشنى ئايال مالاينىڭ قىلغانلىقى ئېھتىمالغا بەك يې-
قىن دەپ قارىدى.

جاۋابى:



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# 7

## تۇرمىدىن قاچقان جىنايەتچى

ئوغرىلىقنى كەسىپ قىلىۋالغان سامىنىڭ يۇرىكى بەك چوڭ بولۇپ، ھېچنېمىدىن قورقمايتتى. ئۇ ھەر قېتىم تۇتۇلغاندا ساقچىلارنى مەسخىرە قىلىپ، تۇرمە مەن ئۈچۈن ياخشى جاي دەيتتى. ساقچىلار بۇ گەپتىن غەزەپلەنسىمۇ، لېكىن ئامالى يوق ئىدى. سامغا نىسبەتەن، تۇتۇپ تۇرۇش ئورنى ھەرقانچە قاتتىق باشقۇرۇلسىمۇ، لېكىن سامىنىڭ ئۇ يەردىن مۆۋەپپەقىيەتلىك قېچىپ كېتىشىنى زادىلا توسۇپ قالالمايتتى.

بۇ قېتىم ئۇنىڭ يەنە قېچىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ساقچىلار تۇرمە ئۆيىنى ئۆزگەرتىپ، سام ئۈچۈن مەخسۇس بىر ئۆي لايىھەلىدى. لېكىن كىشىنى غەزەپلەندۈرىدىغىنى شۇكى، بىر كۈنى كېچىدە سام يەنە قېچىپ كەتتى. نەق مەيداننى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۇنىڭ كىچىك ئېكەك بىلەن تۇرمە دېرىزىسىنىڭ پولات چىۋىقىنى ئېكەكلىۋېتىپ قېچىپ كەتكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىندى.

دائىم ئېرىنى يوقلاپ كېلىدىغان خوتۇنىمۇ قاتتىق تەكشۈرۈشتىن كېيىن كۆرۈشۈش ئۆيىدە ئەينەك تامنىڭ كەينىدە تۇرۇپ تېلېفون بىلەن كۆرۈشتۈرۈلەتتى. بۇ ھالدا سام ئېكەككە ئېرىشەلمەيتتى. سام تۇرمىگە كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ قولاق، بۇرنىنىڭ تۆشۈكلىرىنىمۇ قويماي تەكشۈرگەنىدى. ئەمەلىيەتتە سام تۇرمىدىن يەنە بىر قېتىم مۆۋەپپەقىيەتلىك قېچىپ كەتتى. بۇنى



قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟ ئۇ ئېكەكنى زادى قانداق قىلىپ قولغا چۈشۈردى؟

تۈرمە تەرەپ ئامالسىز قېلىپ، ئاخىرى ماھىر رازۋېدكىچى خۇنتىرغا مۇراجىئەت قىلدى. خونتىر سام سولانغان ئۆينى تەك- شۈرۈپ، دېرىزىگە بېكىتىلگەن پولات چىۋىق ئۈستىدە قوش ماي- قىغا ئوخشايدىغان نەرسىنىڭ بارلىقىنى بايقىدى. خونتېر ئۇ نەر- سىنى ئېلىپ، سىرتقا چىقىپ، ئادىتى بويىچە ئاسمانغا قارىدى،

www.uyghurkitap.com



## بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى - 1

ئاسماندا بىر نەچچە كەپتەر ئۇچۇپ يۈرەتتى. خونتىر دەرھال خۇشال بولغان ھالدا: «ھۇي ئەبلەخ، ئەجەللىك يېرىڭنى ئەمدى تۇتتۇم» دېۋەتتى.

پوستىنىڭ گېپى، ئۇنىڭ پەرىزىنى ئىسپاتلىدى.

جاۋابى:



# 8

## قارا بارماق

مۇتىنىڭ مالىيى ئۆلدى، ئۇنىڭ ئۆلگەن ۋاقتى چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچ ئەتراپىدا ئىدى. مۇت ئېلان ئىشلەش ئۈچۈن ھاۋايغا كەتكەن بولۇپ، ئەتىسى ئەتىگەندە ئۆيىگە قايتقان ئىدى. خونتىر مۇتىنىڭ ئۆيىگە قايتقانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن دەرھال ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلدى.

مۇتىنىڭ دېيىشىچە بۇ مالاي ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكۈر قىلمايدىغان شاللاق ئايال بولۇپ، مۇت ئۇ ئايالغا كۆپ قېتىم نەسىھەت قىلغانىكەن. ئەمدى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، قىلمىشىغا يارىشا جاۋابقا ئېرىشىپتۇ.

«سىز ئۇنىڭ كىملەر بىلەن يېقىن ئۆتىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟»

«مېنىڭ بىر رەسسام ئاغىنەم بار ئىدى. ئۇلار ئىككىسى بىزنىڭ ئۆيدە كۆرۈشكەندىن كېيىن، مۇناسىۋىتى ئىزچىل ياخشى ئىدى.»

خونتىر ئۇ رەسسامنى ئىزدەپ بارغاندا، ئۇ پېشايۋانغا ماي بوياق رەسىم سىزىۋاتاتتى. «تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن سائەت 3 ئەتراپىدا سىز نەدە ئىدىڭىز؟» خونتىر رەسسامنى ئۆزىنىڭ نەق مەيداندا يوق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشنى تەلەپ قىلدى.

«بالكوندا مۇشۇ رەسىمنى سىزىۋاتقاندىم، قاتناش ۋەقەسى بىلەن 3 ئاي دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدىم، ئالدىنقى كۈنى چىقـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





تىم، تونۇگۇندىن باشلاپ رە-
سىم سىزىۋاتىمەن، شۇنداق
قىلسام ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقىپ
قالغۇدەك، ئۇنىڭ ئۇستىگە
ھاۋامۇ ياخشى» دېدى.

«مۇنداق دەڭ، يۈزلىرىڭىز
قىزىل، ناھايىتى ساغلام ئى-
كەنسىز، مېنىڭچە، ئاپتاپتا
كۆيۈپ كېتىپسىز. ھازىر سا-
ئەت نەچچە بولدى؟ مەن سائى-
تىمنى تاقاشنى ئۇنتۇپ قاپتى-
مەن» خۇنتىر ھېچبىر ئىش
يوقتەك، شۇنداق دېدى.

«ئالتە يېرىم بوپتۇ» دېدى
رەسسام، سائىتىگە قاراپ قو-
يۇپ، ئۇنىڭ ئوڭ قول بارماق-
لىرى سېمىز ھەم ئاق ئىدى.

«سىز سولخەيمۇ؟»

«ھەئە، شۇنداق، ئۇنداق
بولسا، نېمە بوپتۇ؟»

«سىز ئۇدا ئىككى كۈن ئاپتاپقا قاقلىنىپ رەسىم سىزىپسىز،
لېكىن ئوڭ قولىڭىز ئاپتاپتا ئازراقمۇ قارىدىماپتىغۇ، بۇ ماڭا
سەل باشقىچىرەك تۇيۇلۇۋاتىدۇ.»

«سول قولۇمدا بوياق تاختىسى تۇتقانلىقىم ئۈچۈن، ئاپتاپتا
كۆيمىگەن.»

رەسسام بۇ گەپنى دەۋېتىپ، ئۆزىنىڭ ئاغزىدىن كېتىپ بار-
غانلىقىنى ھېس قىلىپ، جىم بولدى.

## جاۋابى:

ماي بوياق رەسىمى سىزغاندا، بىر قول بوياق تاختىسىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ئۇ قول ئايىتايىتا كۆيىدۇ. لېكىن باش بارماق بوياق تاختىسىنىڭ تۆشۈكىدىن سىرتقا چىقىپ تۇرىدۇ، شۇڭا ئادەتتە ئۇ ئايىتايىتا كۆيۈشى كېرەك. رەسسام سولخاي بولغانلىقتىن بوياق تاختىسىنى ئوڭ قولىدا تۇتۇشى كېرەك، لېكىن ئۇنىڭ ئوڭ قولىنىڭ بەش بارمىقىنىڭ ھەممىسى ئايياق بولۇپ، باش بارماق ئايىتايىتا كۆيمىگەن. بۇ ئىش ئىشلارنى ئىنچىكە ئويلايدىغان خونتىرنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# 9

## ئوت ئۆچۈرۈش سۈيى

قىشنىڭ بىر ئاخشىمى ئۈچ ياش ئۆيدە قىمار ئوينىدى. ئارىدا A بىلەن B بىر قېتىم سىرتقا چىقىپ كىردى. A بالدۇرراق، B كېيىنرەك چىقتى. ئۇلار قايتىپ كىرىپ 10 مىنۇتقا يەتمىگەن ۋاقىتتا ئوت ئاپىتى يۈز بەردى.

ئۇ ئۈچەيلەن يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئوت ئۆچۈرۈش ئەسۋابىنى ئېلىپ، باتۇرلۇق بىلەن ئوتقا قاراپ ئېتىلدى. ئۇلار بىر ھازا ئېلىشقان بولسىمۇ، ئوت ئۆچمىگەندەك ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن Aئوت ئۆچۈرۈش سۈيىنى ئىشلىتىش تەكلىپىنى بەردى، B سۇ توڭلاپ قالغان بولۇشى مۇمكىن دېدى. لېكىن A بۇنىڭ بىلەن كارى بولماي بېرىپ سۇنى ئاچتى، دەرۋەقە سۇ توڭلاپ قالغان ئىدى. لېكىن ئويلىمىغان يەردە مۇز ئاستىدا بىر ئادەم ياتاتتى، بىر ياش قىز مۇز ئاستىدا غەمسىز ئېغىر ئۇيقۇغا كەتكەندى.

ياشلاردىن بىرى مۇزنى يېرىپ جەسەتنى ئالدى، ئۇ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئاندىن مۇشۇ يەرگە تاشلاپ قويۇلغاندەك قىلاتتى.

ساقچىلار يېتىپ كېلىپ نەق مەيداننى تەكشۈردى ھەمدە بۇ ئۈچ ياشنى سوراق قىلدى. گۇماندارلار ئارىدا ئىلگىرى - كېيىن سىرتقا چىققان A ، B ئىككىيلەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى ئۆلگۈچىنىڭ ھازىرقى مۇھەببىتى يەنە بىرى ئۆلگۈچىنىڭ بۇرۇنقى مۇھەببىتى بولۇپ، B ھازىر ئۆزىنىڭ باشلىقىنىڭ قىزى بىلەن مۇھەببەتلىشىۋاتاتتى. ئۇ تېخى ئوت ئۆچۈرگۈچىمۇ بولغانىدى.

شۇنداق قىلىپ، شەنتيەن ساقچى ۋازارىتى B نى قاتىل دەپ بېكىتتى. B قايىل بولمىدى. ساقچى تەرەپ مۇتەخەسسىس تەكلىپ قىلىپ، تەجرىبە قىلىپ كۆرسەتتى، B كۆرگەندىن كېيىن، ئۆ-زىنىڭ ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئىقرار قىلدى.

**جاۋابى:**

سوغۇق تەجرىبىدە، قىزىتىلغان ئىستاكانغا قۇيۇلغان سۇ ئاستا سوۋۇيدۇ، نۆل گىرادۇستىمۇ مۇز توڭمايدۇ، تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن ئىككى گىرادۇس ئەتراپىغا چۈشكەندە، ئاندىن ئاستا - ئاستا مۇز توڭۇشقا باشلايدۇ. سوغۇق ھالەتتىكى سۇ ئىنتايىن تۇراقسىز بولۇپ، ئازراقلا ھەرىكەت بولسىلا دەرھال مۇزلايدۇ. B ئوت ئۆچۈرۈش سۈيىنىڭ سوغۇق ھالەتتە تۇرىدىغانلىقىنى پىششىق بىلگەچكە، مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى بۇراپ، جىنايى جازادىن قۇتۇلۇپ قالماقچى بولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## 10

# خاتا قان تىپى

بىر باي ئائىلىنىڭ بالىسى بۇلاپ كېتىلدى، بۇ ئائىلە بۇلاڭچىغا نۇرغۇن پۇل بەرگەن بولسىمۇ، بالا ھايات قايتىپ كېلەلمىدى.

جىنايەتچى ئاۋارىچىلىقنى ئازايتىش ئۈچۈن بۇرۇنلا مۇشۇنداق پىلان تۈزگەن، بۇنىڭدىن جىنايەتچىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ئائىلىنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى پىششىق بىلىدىغانلىقىدا شەك يوق ئىدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ ئۆيگە دائىم كىرىپ ـ چىقىدىغان بوغالتىرلار ئىش ئورنىنىڭ بوغالتىرى كانارسىن جىنايەت گۇماندارى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. بوغالتىرلار ئىش بېجىرىش ئورنى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ئائىلىنىڭ سول تەرىپى ئالدىدا ئىدى. بۇ ئورۇن ئىلگىرى ئىزچىل ھالدا سودىسى ئاقماي كەلگەچكە، ئەھۋالى ياخشى ئەمەس ئىدى. لېكىن يېقىندىن بۇيان بۇلارنىڭ ئىشى بىراقلا ياخشىلىنىپ كەتتى. بۇ ئەھۋالمۇ ئادەملەرنىڭ گۇمانىنى قوزغايتتى.

تەھدىت خېتىگە چاپلانغان ماركىنىڭ ئارقىسىدىن كانارسىنىڭ بارماق ئىزى بايقالدى، ئۇنىڭ ئۈستىدە A تىپلىق قان شۆلگىيى بار ئىدى. لېكىن جىنايى ئىشلار ساقچىسى ئۇنىڭ ئۆيىگە بارغان كۈنىنىڭ ئەتىسى ئۇ ئۆلدى.

ساقچىلارنىڭ تەھلىلى، كانارسىنىڭ بوغالتىرلىق ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ تىجارىتى ياخشىلانغاندىن كېيىن، چوقۇم ئارد-

دىن پايدىغا ئېرىشكۈچى بار، ئۇ ئۇنىڭ شېرىكى خېرىس بولۇپ، جىنايەتچى ئۆزىنىڭ جىنايىتىنى كاننارسىنغا ئارتىپ، ئۇنى ئۆ-لۇۋالغان قىلىپ كۆرسىتەلىسە، بوغالتىرلار ئىش بېجىرىش ئور-نى تەبىئىيكى خېرىسنىڭ قولىغا چۈشىدۇ.

تەكشۈرۈش ئارقىلىق، خېرىسنىڭ قان تىپىمۇ A بولۇپ چىقتى.

بۇ ساقچىلارنى گاڭگىرىتىپ قويدى. رازۋېدكىچىلار باشلىقى هېنرى تازا خاپا بولۇپ تۇرغاندا، قانۇن دوختۇرى كىرىپ: كاننارسىننىڭ قان تىپى خاتا بولۇپ قاپتۇ، گۆرۈگە ئالغان جىنايەتچى ئۇ ئەمەس، ئۇ جىنايەتچى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن، ھەمدە ساختا ھالدا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان قىلىپ كۆرسىتىلگەن، دېدى.

**جاۋابى:**

كاننارسىن غەيرىي ئاجرالما تىپىدىكى بەدەن قۇرۇلمىسىدىكى ئادەم بولغاچقا، ئۇنىڭ شۆلگىيى، ئاشقازان سۇيۇقلۇقى، ئېسپېرمىسى قاتارلىق ئاجرالمىلىرىدىن قان تىپى ماددىسىنى ئاجرىتىپ ئالغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ قان تىپى خاتا ھالدا A تىپ قىلىپ بەلگىلەنگەن.

تەھدىت خېتىنىڭ ماركىسىدىكى شۆلگەي A تىپلىق بولغاچقا، ئۇ كاننارسىننىڭ قېنى دەپ قارالغان. خېرىس بۇنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، كاننارسىننىڭ بارماق ئىزى بار يوچتا ماركىسىنى تېپىپ، ئۇنى تەھدىت خېتىگە چاپلىغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# 11

## پوچتا ماركىسى بولاش دېلوسى

پوچتا ماركىسى يىغىپ ساقلىغۇچى، بىر قىممەتلىك كىمئار-تۇق سودىسىدا ئۆزى بەك ياخشى كۆرىدىغان ماركىدىن بىرىگە ئې-رىشكەندىن كېيىن، ئاۋۋال ھاجەتخانىغا كىرىپ، ئاندىن دەرھال بۇ يەردىن چىقىپ، يەر ئاستى ماشىنا توختىتىش مەيدانىغا كەل-دى. ئۇ ئەمدى ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىشىغا ئارقىسىدىن ئۇ-رۇپ ئايلاندۇرۇۋېتىلدى.

ئۇ ھوشىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ مەھكەم باغلانغانلىقىنى، يېنىدا ئەلپازىدىن شۇملۇق چىقىپ تۇرىدىغان بىر نەچچە ئادەمنىڭ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

«ساڭا جان لازىم بولسا، ئاۋۇ پوچتا ماركىسىنى چىقار، بىزگە شۇ كېرەك.»

«قايسى پوچتا ماركىسى دەيسىلەر؟»

«خۇپسەنلىك قىلما! بىز كىمئارتۇق بازىرىدىن تارتىپ مۇشۇ يەرگىچە ساڭا دىققەت قىلىپ كەلدۇق!»

«ئۇنداق بولسا، ئۆزۈڭلار ئاختۇرۇپ تېپىۋېلىڭلار.»

ھېلىقىلاردىن ئىككىسى بۇ ئادەمنىڭ يانچۇقلىرىنى ئاختۇر-دى، ئۇنىڭ يانچۇقىدىن سەپەر نەق پۇل چېكىدىن بىر تال، 300 دوللار نەق پۇل، ماشىنىنىڭ ئاچقۇچى ۋە ئىشلىتىلگەن ئىناۋەت-لىك كارتىدىن باشقا ھېچنېمە تاپالمىدى.

«ئىناۋەتلىك كارتىغا چاپلانغان مۇشۇ ماركا شۇمۇ - يە؟»

«ياق، بۇ دېگەن ياپونىيەدىكى ئەڭ ئادەتتىكى خاتىرە ماركى-
سى، ئۇ چوڭ بولغىنى بىلەن بىر دوللارغىمۇ يارىمايدۇ.»

«لېكىن، باشقا ماركا كۆرۈنمەيدىغۇ. باشلىق! بۇ ئۇ ماركىنى
كىمئارتۇق بازىرىدىكى ئىشكاپىغا سېلىپ قويدىمۇ - يا؟»

«ياق، ئۇنداق قىلمايدۇ. ئۇ بىر قېتىم ھاجەتخانىغا باردى،
ئاندىن دەرھال ماشىنا توختىتىش مەيدانىغا كەلدى.

ئۇ نەچچە يۈزمىڭ دوللارغا يارايدىغان ماركىنى يەڭگىللىك
بىلەن ئۇ يەرگە قويۇپ قويمايدۇ. كېلىڭلار! ئۇنىڭ كىيىملىرىنى
سالدۇرۇڭلار، ئۇ دېگەن كىچىككىنە قەغەز پارچىسى، كىيىمنىڭ
ئارىسىغا ياكى ئايىغى ئىچىگە تىقىۋالغان بولۇشى مۇمكىن.» قارا
نىيەتلەر ئۇ ئادەمنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، ئۈستىرا بىلەن
كېسىپ پارچە - پارچە قىلىۋەتتى. ئايىغىنىمۇ كېسىپ نەچچە
قىلىپ باشتىن - ئاخىر تۆجۈپىلەپ ئاختۇرۇپ چىقتى، ھەتتا
چاچلىرىنىڭ ئارىسىنىمۇ قويماي ئاختۇرۇپ چىقتى. ئاخىرى، يە-
نىلا ھېلىقى ماركىنى تاپالمىدى.

ئۇ ماركىنى زادى نەگە يوشۇرۇپ قويدى؟

جاۋابى:

ئۇ ھېلىقى ماركىنى ئىناۋەتلىك كارتا ئۈستىگە چاپلاپ،
ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەتتىكى خاتىرە ماركىسىدىن بىرنى چاپلاپ
قويغان. قارانىيەتلەر ئىشلىتىپ بولغان پۇلغا يارىمايدىغان خا-
تىرە ماركىسىنىڭ ئىچىگە دىققەت قىلمىغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# 12

## ئۈچ ساندۇق

داڭلىق سېركچى داۋىد. بوپىپىرنىڭ نۇرغۇن چوقۇنغۇچىلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بەزىلىرى داۋىددىن سېرك ئۆگىنەتتى.

بىر كۈنى چىرايلىق بىر سېرىق چاچ قىز داۋىد ئويۇن قويغان سەھنىنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ، ئۆزىنى شاگىرتلىققا ئېلىشنى سەممىي تەلەپ قىلدى. داۋىد قىز بالا دېگەن ھېسسىياتقا تايىنىپ ئىش قىلىدۇ دەپ ئويلاپ، ئانچە ئېرەن قىلمىدى. لېكىن ئۇ قىز تۇرغان يېرىدە ئىككى كېچە ـ كۈندۈز مىدىر قىلماي تۇردى. ئۇنىڭ سەممىيىتى داۋىدنى تەسىرلەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن داۋىد ئۇنىڭغا بىر پۇرسەت بەرمەكچى بولۇپ، شاگىرتلىققا ئالىدىغان بولدى. لېكىن قىز چوقۇم ئىمتىھان بېرىشى كېرەك ئىدى. شۇنداق قىلىپ داۋىد سوئال چىقىرىپ بەردى.

داۋىد ئوخشاش ساندۇقتىن ئۈچنى ئېلىپ، ساندۇقلارنىڭ ئۈستىگە ئايرىم ـ ئايرىم ئالماس، قىزىل ياقۇت، تاش دەپ يېزىپ، ئاندىن بۇرۇلۇپ، ساندۇقنىڭ ئىچىگە ئۈستىگە يېزىلغان نەرسىلەرنى سالدى. لېكىن ساندۇق ئىچىدىكى نەرسىلەر ئۈستىگە يېزىلغىنى بىلەن ئوخشىمايتتى. ئۈستىگە يېزىلغىنى بىلەن ئىچىدىكى نەرسىلەرنى بىردەك قىلىش ئۈچۈن قىز ساندۇقلارنى ئېچىپ بېقىشى كېرەكمۇ؟



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى - 1

ئەگەر قىز ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىسە، شاگىرتلىققا قوبۇل قىلىن-
نىدۇ.

جاۋابى:

قايسى ساندۇقنى ئاچسا بولىۋېرىدۇ. ساندۇقنى ئاچقان-
دىن كېيىن، ئىچىدىكىسى تاش بولۇپ قالسا، ئالماس قى-
زىل ياقۇت دەپ يېزىلغان ساندۇقتا بولىدۇ، چۈنكى، ئەگەر
ئالماس تاش دەپ يېزىلغان ساندۇقنىڭ ئىچىدە بولۇپ قال-
سا، قىزىل ياقۇت قىزىل ياقۇت دەپ يېزىلغان ساندۇقنىڭ
ئىچىدە بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا بۇ تېما بىلەن قارىمۇقارشى
بولۇپ قالىدۇ.

ئەگەر تاش دەپ يېزىلغان ساندۇقنىڭ ئىچىدىكىسى قى-
زىل ياقۇت بولسا، ساندۇق ئۈستىگە يېزىلغان خەتلەرنى ئى-
چىدىكى نەرسىلەر بىلەن ماس كېلىدىغان ساندۇقلارنىڭ ئۈس-
تىگە ئالماشتۇرسا بولىدۇ.

# 13

## قايسنى تاللىغان

ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى ھەرىيلى بىر تۈركۈم ئادەم قوبۇل قىلىدۇ. ئوت ئۆچۈرگۈچى بولۇش ئۈچۈن ساغلام بەدەن بولۇش بىلەن بىرگە، مۇئەييەن بىلىمگە بولۇشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر ئوت ئۆچۈرگۈچى رەسمىي ئىشقا كىرىشتىن ئىلگىرى، بىر قېتىم كەسكىن ئىمتىھاندىن ئۆتۈشى كېرەك.

بىر قېتىم، جىك ئوت ئۆچۈرگۈچى بولۇش ئىمتىھانىغا قاتناشماقچى بولدى. ئىمتىھان ئالغۇچى ئوت ئۆچۈرۈش پاراشوكى تۆكىنىڭ ئۈستىگە تۆت كۇنۇپكا بېكىتىپ، ئۇنىڭ يېنىغا پىچاق، ئەينەك، تاغاق ۋە يۇز مېيى قاتارلىق نەرسىلەرنى قويۇپ قويدى. ئاندىن ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنى مۇشۇ تۆت نەرسىنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسىگە ئاساسەن، كۇنۇپكىلارنى تاللاش ۋە بىر قېتىمدىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش تەلەپ قىلىندى. جىك قانداق قىلىشنى بىلمىدى، ئاخىرىدا ئەقىللىق بىر ئوقۇغۇچى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرنى تاللاپ، بىراقلا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

جىك ئۇ ئوقۇغۇچىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بىلىمىنىڭ تېخى يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى، يەنىمۇ كۆپرەك بىلىم ئېلىشىنىڭ لازىملىقىنى، بولمىسا بىر مۇنەۋۋەر ئوت ئۆچۈرگۈچى بولالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

جاۋابى:

ئۇ ئوقۇغۇچى تاغاقنى تاللىغان، چۈنكى تاغاقنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى ئەگكەن ھامان قوزغىلىش دېگەن بولىدۇ.



**ئەقلىي خۇلاسىگە ئائىت تارىخىي ئەسەر- لەردىن زوقلىنىش**

## چۆەنشىن ئائىلىسى

جاھاندا غەلىتە ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. بەزى كىشىلەر مىھىر - شەپقەتكە جاۋاب قايتۇرماقچى بولىسىمۇ، لېكىن ئۆيلىمىغان يەردە بالا - قازاغا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ!

شىنجو مالىيە ساھەسىنىڭ كاتتىبېشى — شىنچۆەن زوگېبگۆبې ئۆزىنىڭ مال - مۈلكىگە يولۋاستەك خىرىس قىلىپ تۇرغان نۇرغۇن تۇغقانلىرىغا غەلىتە بىر پارچە ۋەسىيەتنامە قالدۇرۇپ، بۇ ئالەم بىلەن خوشلاشتى. ۋەسىيەتنامىنىڭ مەزمۇنىنى بىلىش ئۈچۈن، غايىب بولغىنىغا ئۇزۇن بولغان چوڭ نەۋرىسى يۈزىگە نىقاب تارتىپ قايتىپ كەلدى. زوگېبگۆبې ئۆزىنىڭ بارلىق مال - مۈلكىنى قىلچە قاندا- لىق مۇناسىۋىتى بولمىغان جۇشى ۋە «چېگجاۋ جىگما» دىن ئىبارەت سىرلىق ئادەمگە قالدۇرغانىدى. بۇ ئىش قانلىق تالاش - تارتىش كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغاندەك قىلىپ تۇراتتى. شىنچۆەن ئائىلىسىدى- كىلەر قانلىق توقۇنۇش ئىچىگە كىرىپ قالغان ئىدى...

بىر توپ ئەرزىمەس ئويۇنچۇقلار ئىچىدىن زوۋۇنىڭ كاللىسى

تىپىلدى؛ بىر تاشلاندۇق ئۆيدىن زوجىڭنىڭ سىم تار بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى بايقالدى...

ۋارىسلىق ھوقۇقىغا ئىگە بولغان ئىككى نەۋرە ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆلتۈرۈلدى، بۇنىڭ بىردىنبىر يىپ ئۇچى شىنچۇەن ئائىلىسىنىڭ 30 يىل بۇرۇنقى ئائىلە تەۋەررۇكى — پالتا، چاڭ، جۇيخۇا گۈلى توغرىسىدىكى قارغىش ئىدى!

قاتىل زادى كىم؟ چۇەنشىن ئائىلىسىنىڭ ئۈچىنچى بىرخىل تەۋەررۇكى — پالتا، ئەڭ ئاخىرقى مىراسخور — زوجىڭنىڭ ئۈستىگە چۈشتىمۇ؟ ئەمدى قاراپ باقايلى جىنتيەن يىگچۇ ئۈچ ئەۋلاد داۋاملاشقان بۇ مىبھىر ـ مۇھەببەت، ئۆچ ـ ئاداۋەتنى قانداق ھەل قىلار!

# 14

## توقۇلمىلىق قولۇلە

سودىگەر جىن جىخەي ئايالى توك شياۋجۇن بىلەن بىللە ئىشنى بېجىرىپ بولغاندىن كېيىن، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرىغا بېرىپ، ئازراق كۆكتات سېتىۋېلىپ، ئۆيگە قايتىپ چۈشلۈك تاماق ئەتتى. تاماقنى يەپ بولۇپلا ئۆيدە تۇرماي، ۋوگزالغا قاراپ كەتتى. ئۇ پويىزغا چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي بىئارام بولۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر كىچىك بېكەتتە چۈشۈۋېلىپ، دوختۇرغا كۆرۈندى.

دوختۇرلار ئۈچ سائەتتىن ئارتۇق تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن جىن جىخەينىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالالمىدى. ئۇنىڭ ئايالى ئۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندە ساپساقلا ئىدى، يول ئۈستىدە چۈشىنىكسىز ئۆلۈپ كېتىپتۇ، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ قەستلەش؟ تۇيۇقسىز كېسەللى تۇتۇپ قالدىمۇ؟ چوقۇم بىزنىڭ سودىدىكى تونۇشلىرىمىزدىن بىرى قەست قىلدى، چۈنكى، ئۇلار تونۇگۇن كەچتە بىللە تاماق يېگەن، دېدى.

ساقچىلار دەرھال تەكشۈرۈشكە كىرىشىپ كەتتى. ئەگەر قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن بولسا، جىن جىخەينىڭ بەدىنىدە يارا ئىزى قالغان بولاتتى، لېكىن جەسەتنى تەكشۈرۈشتىن كېيىن ساقچىلار بۇ ئېھتىماللىقنى نەزەردىن ساقىت قىلدى. چۈنكى جىن جىخەينىڭ تېرىسى ھېچقانداق زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىمىغانىدى. ئۇ قەستلەپ ئۆلتۈرۈلمىگەن بولسا، تۇيۇقسىز كېسەل بىلەن ئۆلۈپ

كەتتىمۇ؟ ساقچى تەرەپ ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى بىلەن سۆھبەتلەشتى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە جىن جىخەي ئەزەلدىن ساغلام بولۇپ، ئادەتتە كېسەل بولۇپ باقمىغان، ئەجەللىك كېسەل دېگەن-دىن سۆز ئېچىش ئەسلا يوق گەپ ئىدى. نەتىجىدە بۇ گۇمانمۇ يوققا چىقىرىلدى، ئۇنىڭ ئۆلۈمى ۋاقىتىنچە سىر بولۇپ قالدى.

ساقچىلار ئۇ رەقىبى بىلەن بىللە تاماق يېگەن ئاشخانىغا بې-رىپ، شۇ كۈندىكى قورۇمىلار تىزىملىكىنى تەكشۈردى، ئۇنى جەسەت تەكشۈرۈش ئوپېراتسىيەسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ رىقابەتچىسىنى دەرھال قولغا ئالدى. چۈنكى ساقچىلار ئۆلگۈچى-نىڭ ئاشقازىنىدىن توقۇلمىلىق قۇلۇلە بايقىغانىدى.

**جاۋابى:**



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


# 15

## چۆپ نېمە ئۈچۈن قۇرۇپ كەتمىدى

رۇم باج ئوغرىلىغانلىقى ئۈچۈن سوت قىلىندى، پاي چېكى ۋاكالەتچىسى ئۇ سەيلو سوتتا بۇ ئىشقا ئىسپات بەردى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىيلەن ئۆچمەنلىشىپ قالدى. رۇم نەگىلا بارسا، دوستىنى ساتقان بۇ ئەبلەخنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، دەپ يۈردى.

بۇ ئىشلار ئۆتۈپ ئۈچ يىلدىن كېيىنكى بىر چۈشتىن كېيىن ئۇسەيلو ئۆيىدە ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. بۇ ئىش يۈز بەرگەندىن كېيىن ساقچىلار تەبىئىي ھالدا ئوسەيلونى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن دەپ داۋراڭ سېلىپ يۈرگەن رۇمنى ئىزدىدى.

ساقچىلار ئۇنى ئۆيىدىن تاپالمىدى، قوشنىلىرى تەمىنلىگەن يىپ ئۇچىغا ئاساسەن، ساقچىلار دەرھال تاغقا قاراپ ماڭدى. ئۇ تاغقا ئوينىغىلى كەتكەنىدى.

ساقچىلار ساياھەتچىلەر تۇرىدىغان جايدىن، ئۇنىڭ چېدىرىنى تاپتى، لېكىن چېدىردا ئادەم يوق ئىدى. ساقچىلار چېدىردىن چىقىپ ئىزدىمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، ئۇ قايتىپ كەلدى. ئۇ ساقچىلارنىڭ كېلىش مەقسىتىنى ئۇققاندىن كېيىن، ساقچىلارنى ئاختۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، ساقچىلار ئۇنىڭ چېدىرىدىكى ئەخلەت خالتىسىدىن ئىككى تال مىلتىق ئوقىنى تاپتى. بۇ ئوقلار ئوسەيلو زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان نەق مەيداندىكى ئوق بىلەن ئوخشاش ئىدى.

رۇم ساقچىلارنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا ئاساسەن، ئۆزىنىڭ

بۇ يەرگە كەلگىنىگە بىر ئاي بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ خىل ئوقىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى، شۇ سەۋەب-تىنلا ئۆزىنى قاتىل دېيىشكە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ساقچىلارمۇ ئۇنىڭ گېپى يوللۇق دەپ قارىدى، لېكىن ئۇنى يەنىلا قولغا ئالدى. چۈنكى ئۇ يالغان گەپ قىلغانىدى.

جاۋابى:



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## 16

## ھىيلىگەر ئوغرى

داڭلىق يازغۇچى زېشى بىر كىنو ـ تېلېۋىزىيە شىركىتى بىلەن بىر پارچە رومانىنى سەھنە ئەسىرىگە ئۆزگەرتىش ھەققىدە سۆزلىشىۋاتاتتى، تۇيۇقسىز ئىككى ساقچى كەلدى.

«ماشىنا توختىتىش مەيدانىدىكى قىزىل رەڭلىك پارال ماركىلىق ماشىنا سىزنىڭمۇ؟»

«ھەئە.»

«سىز مۇھىم گۇۋاھچىلىق سالاھىيىتىڭىز بىلەن بىز بىلەن ساقچى مەھكىمىسىگە بارغان بولسىڭىز.»

ساقچىلارنىڭ بۇ گەپلىرى زېشىنى گاڭگىرىتىپ قويدى. ئۇ ئاۋۋال مېھمانىنى يولغا سېلىۋېتىپ، ئاندىن ساقچىلاردىن زادى نېمە ئىش بولدى، دەپ سورىدى.

«تۈنۈگۈن كەچ سائەت 10 ئەتراپىدا، بىرسى 121 ـ نومۇرلۇق تەتقىقات ئورنىغا كىرگەن، سېزىلىپ قالغاندىن قېچىپ چىقىپ، سىرتتا توختىتىقلىق قىزىل رەڭلىك پارال ماركىلىق ماشىنىغا ئولتۇرۇپ قېچىپ كەتكەن. تەكشۈرۈش ئارقىلىق مەلۇم بولۇشىچە شەھىرىمىزدە ئۇنداق ماشىنىدىن پەقەت ئۇچىلا بار ئىكەن، بىزنىڭ تېخنىكىمىز بايا سىزنىڭ ماشىنىڭىزنى تەكشۈردى، نەتىجىدە ماشىنىڭىزنىڭ ئىزى نەق مەيداندىكى ماشىنىنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ چىقتى.»

«تۈنۈگۈن كەچ سائەت توققۇز ئەتراپىدا، مەن Y ئونۋېرسىتېتىغا

بېرىپ، فىزىكا پىروفېسسورى بىلەن كۆرۈشتۇم، سائەت 11 دىن 20 مىنۇتلار ئۆتكەن چاغدا مەن ئۇنىڭ ئۆيىدىن يېنىپ چىقتىم. بۇ چاغدا، ماشىنام ماشىنا توختىتىش مەيدانىدا توختىتىقلىق ئىدى.»

«بۇ گەپچە، جىنايەتچى ماشىنىڭىزنىڭ ئاچقۇچىنى ياستىۋې-لىپ، ماشىنىڭىزنى ئوغرىلاپ، ئۇنىۋېرسىتېتتىن 121 ـ تەتقىقات ئورنىغا بېرىپتۇ، بۇ ئارىلىق بىر سائەتلىك يول، دېمەك، ۋاقىت يېتەرلىك بولغان.»

«ياق، ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. مېنىڭ ماشىنا توختات-قاندا، سۈرئەت سائىتىگە قاراپ قويىدىغان ئادىتىم بار، تۇنۇگۈن كەچتە قارىسام، سۈرئەت سائىتىدىكى سان ئۆزگەرمىگەن. دېمەك، مەن پىروفېسسورنىڭ ئۆيىدىكى چاغدا، ماشىنا توختىتىقلىق جا-يىدىن قوزغالمىغان».

«ھە... غەلىتە ئىشقۇ، بۇ ئۇنداق بولسا نەق مەيداندا نېمە ئۈ-چۈن سىزنىڭ ماشىنىڭىزنىڭ چاقىنىڭ ئىزى قالىدۇ؟»

يازغۇچى ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، جىنايەتچىنىڭ قانداق ئو-يۇن ئوينىغانلىقىنى دەرھال چۈشەندى.

**جاۋابى:**

جىنايەتچى زېرىنىنىڭ ماشىنىسىنىڭ تۆت چاقىنى چىقىرىپ دېلو سادىر قىلغان، ئىش تۈگىگەندىن كېيىن چاقلارنى يەنە ئۆز جايىغا سېلىپ قويغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# 17

## يوقالغان گۆرۈ پۇلى

تام تۇتۇپ كېتىلدى، ئۇنى تۇتۇپ كەتكەنلەر ئۇنىڭ خوتۇنىدىن ئىككى مىليون دوللار تەلەپ قىلدى، ھەمدە ئۇ پۇلنى كەچ سائەت ئوندا مەركىزىي باغچىدىكى مىس ھەيكەلنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇقنىڭ ئاستىغا قويۇپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ ئايالى گۆرۈگە ئالغانلارنىڭ تەلىپى بويىچە ئىككى مىليون دوللار پۇلنى قارا چامادانغا سېلىپ، مەركىزىي باغچىدىكى مىس ھەيكەلنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇقنىڭ يېنىغا كېلىپ، چامداننى قويۇپلا كەتتى. دېلو مەلۇماتىنى تاپشۇرۇپ ئالغان جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى، سائەت سەككىزدىلا باغچىغا يوشۇرۇنۇپ، جىنايەتچىنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى.

سائەت 12 ئەتراپىدا، پوپايكا كىيگەن بىر ياش ئايال كېلىپ، چامادانىنى ئېلىپ دەرھال باغچىدىن چىقىپ كەتتى.

ئۇ ئايال باغچىدىن چىقىپلا، شۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان تاكسىغا ئولتۇرۇپ يۇرۇپ كەتتى. مۆكۈپ ياتقان ساقچىلار دەرھال ئىزىغا چۈشتى.

تاكسى ۋوگزالغا كېلىپ توختىدى، ھېلىقى ئايال چامادانىنى ساقلاشقا بېرىۋېتىپ، قۇرۇق قول ھالدا پويىز سۇپىسىغا قاراپ كەتتى. ساقچىدىن بىرى چامداننى كۆزىتىپ بۇ يەردە قالدى، يەنە بىرسى ئۇ ئايالغا ئەگەشتى. ئايالنىڭ شىرىكلىرى كېلىپ، پۇلنى ئېلىپ كېتىشكىچە بولغان ئۈچ سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە

جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى نەرسە ـ كېرەك ساقلىغۇچىلارغا بۇيۇ-
رۇق قىلىپ، ئىشكاپىنى ئاچقۇزدى. چامادان قۇرۇق ئىدى! ئىككى
مىليون پۇل قانات چىقارماي ئۇچۇپ كەتكەن ئىدى.

گۆرۈ پۇلنى كىم، قاچان، قايسى ئۇسۇل بىلەن ئېلىپ كەت-
كەن؟

جاۋابى:

پۇلنى تاكسى شوپۇرى ئېلىپ كەتكەن. ئايال بولسا
ئۇنىڭ شېرىكى بولۇپ، ئۇلار يولۋاسنى تاغدىن ئايرىش
هىيلىسىنى ئىشلەتكەن. ئۇلار ساقچىلارنىڭ دىققەت نەزىرىنى
پۇلنى ئېلىپ كەتكەن بىلەن نەرسە ـ كېرەك ساقلايدىغان
جايغا مەركەزلەشتۈرۈپ قويۇپ، تېجەپ كېتىدىغانغا يېتەرلىك
ۋاقىت چىقىرىپ ئالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# 18

## زەھەر ساتىدىغان راھىب

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خەلقئارا جەمئىيەت ۋە ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك ئەتراپىدىكى دۆلەتلەر زەھەر ئىشلەپچىقىرىدىغان جايلارغا قاتتىق زەربە بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن، پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، زەھەرنىڭ تۈرلىرىمۇ ئۈزلۈكسىز يېڭىلاندى. زەھەر ياسايدىغان جايلار ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك ۋە دۇنيادىكى باشقا زەھەر ئىشلەپچىقىرىدىغان جايلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ھەممە يەرگە تارالدى. بۇ ھال زەربە بېرىش نىشانىنى كۆپەيتىۋەتكەچكە، بەزىدە ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان يوق بولۇپ قالدى.

غايەت زور پايدىنى دەپ، جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قويۇپ ھەرىكەت قىلىدىغان ئاشۇ ئەبلەخلەر، ھەرخىل يوللار بىلەن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا زەھەر يۆتكىدى، ھەمدە ئۇلارنىڭ يۆتكەش ۋاستىلىرىمۇ كۆپ خىل بولدى.

بۇنىڭدا، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تاموژنىلىرى، يۆتكەش گۇرۇھلىرىنىڭ ئاساسلىق ئۆتىدىغان يولى بولغاچقا ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تاموژنا تەكشۈرۈش ئۇسۇللىرىمۇ ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلدى. دۇنيادا تېررورلۇق ۋەقەلىرى ئۈزلۈكسىز كۆپىيىۋاتقان ئەھۋالدا، تاموژنىنىڭ بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش ۋاستىلىرىمۇ شۇنىڭغا ماس ھالدا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. شۇنداق بولسىمۇ جىنايەتچىلەر يەنىلا نىيىتىدىن ياناماي، خەتەرگە تەۋەككۈل قىلماقتا.

بىر كۈنى، ياپونىيەنىڭ مەلۇم تاموژنىسىدىكى تەكشۈرۈشنى كۈتۈپ تۇرغانلارنىڭ ئىچىدە بىر راھىبمۇ بولۇپ، تەكشۈرۈش نۆ-

ۋىتى ئۆتۈنىڭغا كەلگەندە، ئۇ قولىدىكى جەسەت كۆلى قۇتىسىنى دەرھال يەردە قويۇپ، تاموژنا خادىملىرىغا پاسپورتىنى كۆرسەتتى.

«مەن بىلەن مېڭىڭ» دېدى، تاموژنا خادىمى ئۇنى زەھەر ئېلىپ ماڭدى دەپ گۇمانلىنىپ ئۇنى ئېلىپ كەتتى.

«سىلەر نېمىگە ئاساسەن مېنى زەھەر ئېلىپ ماڭدى دەپ گۇمانلىنىسىلەر؟» راھىب كۈچلۈك نارازىلىق بىلدۈردى.



جاۋابى:

جەسەت كۆلى قۇتىسى تاموژنا خادىملىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان. روھقا ئەزەلدىن ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىغان راھىبلار تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇن، روھ بىلەن تەڭ دېگۈدەك ئورۇندا تۇرىدىغان جەسەت كۆلى قۇتىسىنى يەرگە قويۇپ قويغان. بۇ تولىمۇ بىنورمال ئەھۋال ئىدى. جەسەت كۆلى قۇتىسى ئېچىپ تەكشۈرۈلگەندە، دەرۋەقە ئۇنىڭ ئىچىدىن كۆپ مىقداردا كوكايىن چىقتى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



# 19

## قاتىلنىڭ ئاياغ ئىزى

جاڭخۇ سەيلە قىلىۋېتىپ، ياش بىر ئايالنىڭ توپ مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا يىقىلىپ ياتقانلىقىنى، جەسەتنىڭ يېنىدا قانغا بويال-غان بىر پىچاقنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. يەردە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ نەق مەيدانغا كەلگەن ۋاقىتتىكى ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ ئىزىدىن باشقا ھېچقانداق ئاياغ ئىزى يوق ئىدى.

تۈنۈگۈن كەچتە يامغۇر ياغقان بولۇپ، دېلو يامغۇردىن بۇرۇن سادىر قىلىنغان بولسا، جەسەت بىلەن پىچاق ئۈستىدىكى قان يامغۇردا يۇيۇلۇپ كېتەتتى، ئەگەر دېلو يامغۇردىن كېيىن سادىر قىلىنغان بولسا، ئۇنداقتا قاتىلنىڭ ئاياغ ئىزى قېنى؟

قاتىل مۇشۇنچىلا چوڭ مەيداندىن ئاياغ ئىزى قالدۇرماي كې-تەلەرمۇ؟ قاتىل ئاياغ ئىزىنى قولى ياكى سۈپۈرگە بىلەن ئۆچۈرۈپ قېچىپ كەتكەنمىدۇ؟ شۇنداق دېيىلگەن تەقدىردىمۇ يەنىلا ئۆچۈر-گەن ئىزلار قالاتتىغۇ. نەق مەيدان يامغۇردا پاك - پاكىز يۇيۇلۇپ، ھېچنېمە قالمىغان ئىدى. ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ ئىزى ناھايىتى كىچىك بولۇپ، قاتىل ئۇنىڭ ئۈستىگە دەسسەپ قېچىپ كېتەل-مەيتتى.

زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئېگىز پاشنىلىق ئايىغى بى-لەن نەق مەيداندا قېپقالغان ئاياغ ئىزى سېلىشتۇرۇلۇش ئارقى-لىق، ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ ئىزى بىلەن ئاياغنىڭ بىردەكلىكى ئىسپاتلاندى، بۇ ئاياغنى ئۆلگۈچى كىيىپ كەلگەن.

بۇ دېلو ھېلىقى چوڭ پۇتلۇق ئەر ئادەم ئۆلتۈرۈلگەندىن كې-
يىن نەق مەيداندىن قولى بىلەن مېڭىپ چىقىپ كەتكەنگە ئوخشى-
مايتتى. ئۇنداقتا قاتىل ئەرۋاھمىدۇ؟

دېلونى تەكشۈرۈشكە قاتناشقان ساقچىلار ئاياغ ئىزىنى تېپىش بۇ دېلونى پاش قىلىشنىڭ ئاچقۇچى دېگەن يەرگە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئاياغ ئىزىنى ئاختۇرۇش دائىرىسى كېڭەيتىلدى، نەتىجىدە، تامنىڭ بۇلۇڭىدىن نەرسە ـ كېرەك ساقلايدىغان بىر ئىشكاپ ۋە قول يۇيىدىغان بىر تۇرۇبا بايقالدى.

ساقچىلار بۇنى كۆرۈپ ئىشنىڭ تېگىگە يەتتى.

**جاۋابى:**

قاتىل مۇنچا شىلانكىسىنى جۈمەك ئۈچىغا ئۇلاپ سۇ چېچىپ ئىزنى ئۆچۈرۈپ، نەق مەيداندىن كەتكەن. مۇنچا شىلانكىسىدىن چېچىلغان سۇ يامغۇردەك چۈشۈپ، ئاياغ ئىزنى يۇيۇۋەتكەن. يەر نەم بولغاچقا، سۇ سىيىلسىمۇ ئۇنىڭدىن ھېچقانداق ئىز قالمايدۇ. قاتىل بۇ ئىشلارنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، تور تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ، سۇ تۇرۇبىسىنى ئېلىۋېتىپ نەق مەيداندىن كەتكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# 20

## قاتىل كىم

ئادەتتە كىشىلەر قەبىھ قاتىللىق ۋەقەلىرىنى چوڭ - ئوتتۇرا شەھەرلەردە يۈز بېرىدۇ، ناھىيە - بازارلار خاتىرجەم دەپ قارايدۇ. لېكىن ئادەم بارلىكى جايلاردا ھەرقانداق ئېھتىماللىق بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ يامان گېنى كۆنسېرى كۆچىيىۋاتقان مەدەنىيەتلىك ئالدىدا، ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ، ئەڭ ئۈنۈملۈك قاتىللىق ئۇسۇلى ۋە جىنايى جازادىن قۇتۇلۇش ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ.

F دۆلىتىنىڭ كىچىك بىر ناھىيە بازىرىدا قاتىللىق دېلوسى يۈز بەردى.

بىر ئايال ئۆزى تۇرۇشلۇق بىنا ئاستىدا ئۆلتۈرۈلدى.

ساقچىلار كېلىپ نەق مەيداننى تەكشۈرۈپ، ئۆلگۈچىنىڭ كەچ سائەت 8 دىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقىنى جەزملەشتۈردى. ئەينى ۋاقىتتا بىنادا سائەت رېمونت قىلىدىغان ئۈچلا ئادەم بار ئىدى. بۇلار ئەڭ زور جىنايەت گۇماندارلىرى ئىدى.

ساقچىلار سوراق قىلغاندا، ئۇلارنىڭ بىرى:

«سائەت 8 دىن 20 مىنۇت ئۆتكەن چاغدا مەن قول سائەتكە پۇرژىنا سېلىۋاتاتتىم» دېدى.

يەنە بىرى: «مەن قوڭغۇراقلىق سائەتكە پۇرژىنا سېلىۋاتاتتىم» دېدى.

ئەڭ ئاخىرقى بىرسى: «مەن تام سائىتىگە پۇرژىنا سېلىۋاتاتتىم

ـتىم» دېدى.

ساقچى بىر دەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، 3 ـ ئادەمنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «سەن جىنايىتىڭگە ئىقرار قىلمامسەن!» دېدى.

پاكىت ئىسپاتلىدىكى، 3 ـ ئادەم قاتىل بولۇپ چىقتى.

**جاۋابى:**

سائەت 8 دىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە تام سائىتىگە يۈرۈشنا سالغىلى بولمايدۇ. چۈنكى سائەتنىڭ ئۇزۇن، قىسقا ئىسترېلكىلىرى يۈرۈشنا سالىدىغان ئاچقۇچنىڭ تۆشۈكىنى توسۇۋالىدۇ. قول سائىتى، قوڭغۇراقلىق سائەتلەرگە بولسا، مۇشۇ ۋاقىتتا يۈرۈشنا سالغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# 21

## دۆت قاتىل

رازۋېدكىچىلار باشلىقى ھەيئىر دوستى سىتىۋىنىنىڭ تېلېفو-نىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ئىككىسى بىللە دەرھال فى-لىپىنىڭ ئۆيىگە كەلدى.

«مۇشۇ نەچچە كۈندىن بېرى تاغامغا بىرسى دىققەت يۈرگەن» دېدى سىتىۋىن، «چۈنكى ئۇ ناھايىتى كۆپ مۇكاپاتقا ئېرىشكەن-ئىدى. ئۇ پۇللارنى مەخپىي خانىدىكى تام ئىشكاپى ئىچىگە ئو-رۇنلاشتۇرۇلغان بىخەتەر ئىشكاپقا سېلىپ قويغان. يامان يېرى، تاغام بۇ ئىشنى ئانچە مەخپىي تۇتمىغان.»

«سىز بۇگۈن ئۇنىڭغا تېلېفون بېرىپ باقتىڭىزمۇ؟» رازۋېد-كىچىلار باشلىقى سىتىۋىنىدىن سورىدى.

«ئۇ كەچلىك تاماققا كەلمىدى، ئۇنىڭغا تېلېفون بەرسەم، ئا-لىدىغان ئادەم يوق ئىكەن.» ئۇلار ئىككىسى لىفىت بىلەن 20 - قەۋەتكە چىقىپ، فىلىپىنىڭ ئۆيىگە كىردى. ئىشىك قۇلۇپلانمىغان بولۇپ، ئىشىكتىن كىرگەندىكى ئۆيدە بىر چىراق يېنىقلىق تۇراتتى.

«مەخپىي خانىنى كۆرۈپ باقايلى» دەپ تەكلىپ بەردى رازۋېد-كىچىلار باشلىقى ھەيئىر.

سىتىۋىن بېشىنى لىڭشىتىپ، ئالدىدا يول باشلاپ ماڭدى. ئۇلار قاراڭغۇ كارىدوردىن مېڭىپ ئىشىك تۈۋىگە كەلگەندە، ئى-شىكنى تىڭشىۋەتكەندىن كېيىن: «ئۇ يەردە بىر چىراغ بار» دېدى

ستتۇن. ئاندىن ئۇلار قاپقاراڭغۇ ئۆينىڭ ئىچىگە كىردى.
چىراغنى ياققاندىن كېيىن، ئۆي ئىچى كۈندۈزدەك يورۇپ كەتتى،
شىرەنىڭ كەينىدىكى بىخەتەرلىك ئىشكاپى ئوچۇق ئىدى. ستتى-
ۋىن ئۇنىڭ ئالدىدىكى تامنىڭ بۇلۇڭىدا تۇراتتى. ئۇنىڭ بىر قولى
چىراغنىڭ ئۈستىدە بولۇپ، چىرايى بىرخىل ۋەھىملىك تاتىرىپ
كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ تاغىسى پۇل ئۈستىدە ياتاتتى، ھېچكىم ئۇ-
نىڭغا چېقىلمىغان ئىدى.

ستۇن تاغىسىنى ئاتلاپ ئۆتۈپ، ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ:
«ئۇ... ئۇ ئۆلۈپتۇ؟» دېدى.

ھەيىر فىلىپنىڭ يېنىدا زوڭزىيىپ: «ياق، ئۇنىڭ مېڭىسى
قاتتىق زەربە يېگەن، لېكىن ئەجەللىك ئەمەس — سىز راستتىنلا
تەلەيلىك ئىكەنسىز! سىز مېنى قايمۇقتۇرماقچى بولدىڭىز. لېكىن
ئاخىرىدا ئۆزىڭىزنىڭ جىنايەتچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدىڭىز!»
دېدى.

ستتۇن قويرۇقىنى تۈتقۇزۇپ قويغانىدى.

**جاۋابى:**

[illegible]

ئۇيغۇر كىتاب تورى



# 22

## پىيادە سەپەر قىلغۇچى

بىر قانچە ئوقۇغۇچى شەھەر ئەتراپىدا سەيلە قىلىپ، چوشلۇك دالا تاماقنى يەيدىغان چاغدا، دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى چىم-لىقتا بىر ئەرنىڭ جەسىتىنى بايقىدى. ئۆلگۈچىنىڭ كىيىملىرى رەتلىك بولۇپ، بەدىنىدە ھېچقانداق جاراھەت ئىزى يوق ئىدى.

ئۇنىڭ كەينىدىكى بىر توپ دەرەخنىڭ ئاستىدا بىر چېدىر بولۇپ، چېدىر ئىچىدە بىر قازان ئېسىقلىق، قازان ئىچىدە موگۇ بىلەن توخۇ گۆشى بار ئىدى. قارىغاندا ئۇ قانداق موگۇنىڭ زەھەر-لىك، قانداق موگۇنىڭ زەھەرسىز ئىكەنلىكىنى بىلمەي، خاتا ھالدا زەھەرلىك موگۇ يېۋېلىپ ئۆلگەندەك قىلاتتى. چۈنكى ئۇ چېدىردىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە ئۆلگەن بولۇپ، زەھەرلەن-گەندىن كېيىن چېدىردىن چىقىپ، ياردەم تەلەپ قىلغانىدى. لې-كىن، ساقچىلار كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ خاتىرىسى ۋە لازىمەت-لىكلىرىدىن ئۆلگۈچىنىڭ پىيادە سەپەر قىلىش ماھىرى ئىكەنلى-كىنى بىلىپ، نەق مەيدانغا بىر قاراپلا، دەرھال يەكۈن چىقاردى.

«ئۆلگۈچى راستىنلا زەھەرلىك موگۇدىن زەھەرلەنگەن، لې-كىن ئۇ سەۋەبتىن ئۆلمىگەن، بەلكى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈ-رۈلگەن! قاتىل ئۇنىڭغا زەھەرلىك موگۇ يېگۈزۈپ ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن جەسەتنى بۇياققا سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ، زەھەرلىنىپ ئۆلگەن ساختا نەق مەيدان ياساپ قويغان.» ئۇنداق بولسا، ساقچىلارنىڭ ئاساسى نېمە؟

جاۋابى:



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# 23

## ئايالىمنى مەن ئۆلتۈرمىدىم

مەن ئايال چولپاننىڭ ئېرى. ئۇ ماڭا ئىنتايىن ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇ نامى چىققاندىن كېيىنمۇ پۇل، نام - ئاتاقنى ۋە ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقىنى پەش قىلمىدى، مەندىن ئايرىلمىدى. شۇڭا مەن ئايالىمنى بەك ياخشى كۆرەتتىم. مەن ھەتتا خەقلەرنىڭ پىتنە - پاساتلىرىغىمۇ پەرۋا قىلماي، ئۇنىڭ ئېرى بولۇپ كەلگەنىدىم.

جاھان دېگەندە ھەرخىل ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ، بەزىدە ئاپەت مارىسا، بەزىدە ئامەت كۈلۈپ باقىدۇ.

بىر كۈنى مەن سىرتتىن كەلسەم، ئۇ ئۆلۈپ قاپتۇ. ئۇ كىرېسلودا ئولتۇرۇپتۇ، بوينىدا ئارغامچا تۇرىدۇ، ئارغامچا ئۇنىڭ ئاپپاق بوينىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چىرايلىق چىگىلگەن ئىدى. مەن ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقىنى ئۇقالمىدىم. لېكىن جامائەت پىكرى ۋە ساقچىلار مېنى قاتىل دېيىشىۋاتىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ يېنىدا پەقەت مەنلا بار، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئايالىم ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغان ئارغامچىنى مەن سېتىۋالغان.

مەن بۇ ئىشلارنى ئادۋوكاتىمغا سۆزلەپ بەردىم، ئادۋوكاتىم رازۋېدكىچى دوستىنى تاپتى.

ئۇ رازۋېدكىچى راستىنلا قالتىس ئىكەن. ئۇ نەق مەيداندىن تارتىلغان سۈرەتنى كۆرگەندىن كېيىن، ئايالىمنى ئۆزى ئۆلۈۋالغان دېدى، ئۇ يەنە مېنىڭ قاتىل ئەمەسلىكىمنى ئىسپاتلايدىغان

پولاتتەك پاكىتمۇ تېپىپ چىقتى.

مېنى ئايالىنىڭ ئۆزىدىن ئۇستۇن تۇرىدىغانلىقىغا چىدىيالماي ئايالىنى ئۆلتۈردى، دېگەن مۇخبىر، ساقچىلار مېنىڭ قاتىل ئەمەسلىكىمنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى پوكاندەك قىزىرىپ كەتتى.

جاۋابى:

ئەگەر باشقىلار ئۆلتۈرگەن بولسا، قاتىل كۈچەپ تارتقانلىقتىن ئاغامچىنىڭ تۈگۈنچىكى ئۆلگۈچىنىڭ بوينىنىڭ ئوڭ ياكى سول تەرىپىدە بولىدۇ. ئۆزى ئۆلىۋالغان بولسا، كۈچەنىش تەكشى بولغانلىقتىن، ئاغامچىنىڭ تۈگۈنچىكى بويۇننىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# 24

## ئالدامچىلىقتا يول يوق

قىش پەسلى، ھاۋا سوغۇق، ئاسىن كەچلىك تاماقنى يەپ بول-غاندىن كېيىن، ئاشنىسىنى سېغىنىپ، ئۇنى ئىزدەپ كەتتى.

ئۇنىڭ ئاشنىسى بەك چىرايلىق، شۇنداقلا ئاسىنغا بەك رايىش بولۇپ، ئەزەلدىن يولسىز تەلەپ قويۇپ باقمىغانىدى.

ئاسىن مەلۇم ئاھاڭنى غىڭشىغاچ، ئاشنىسىنىڭ ئۆيى ئالدىغا كەلدى، ئىشىك قۇلۇپلانمىغان ئىدى، ئۇ ئىشىكنى ئىچىپ ئۆيگە كىرىپ، كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىدىن چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاش-نىسى كارىۋاتقا باغلاقلىق ئىدى. ئاشنىسى ئاسىننى كۆرگەندىن كېيىن، بايا بىرسىنىڭ ئۆزىنى بۇلىغانلىقىنى ئېيتتى.

يۈزىنى يۆگىۋالغان بىر قارا نىيەت تېلېفون رېمونت قىلىدى-غان ئىشچى سىياقىدا ئۆيگە كىرىپ، ئۇنىڭ ئامانەت پۇل چېكى، زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىنى پاك - پاكىز ئېلىۋېلىپ، ئاندىن ئۇ-نى باغلاپ قويۇپ قېچىپ كەتكەن.

ئاسىن ئاشنىسىنى بىرەر قۇر بەزلىگەندىن كېيىن، ساقچىغا تېلېفون بەرمەكچى بولۇپ، ئوچاقتىكى چەينەكتىن ھور چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى ۋە تېلېفوننى قويۇپ، يۈزىنى يۆگىۋالغان ئادەم قاچان كەتتى دېدى.

«بەش سائەت بولدى» دېدى ئاشنىسى.

ئاسىن بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۈلۈپ كېتىپ، ئۇنىڭ-غا: «سەن تېخى مەن بىلەن مۇشۇ ئويۇننى ئويناۋاتامسەن. مەن تې-

خى ساڭا پۇل بېرىپ تەسەللى قىلارمەن دەپ ئويلاپتىمەن، قارى-
غاندا سەن باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ، مېنىڭ پۇلۇمنى ئالداپ
ئالماقچى بولۇۋېتىپسەن ـ دە، تېز ئېيت، بولمىسا مەن سېنى
تۈرمىگە سولىتىۋېتىمەن» دېدى.

جاۋابى:

ئاسىن ئوچاقتىكى چەينەكنى كۆرۈپلا، ئاندىن، بۇلانغىلى قانچىلىك ۋاقىت بولدى دەپ سوراپ، ئاندىن ئاشنىسىنىڭ ئۆزىنى ئالداۋاتقانلىقىنى بىلگەن، چۈنكى كىچىككىنە چەينەك بەش سائەتكىچە قايناپ قۇرۇپ كېتىدۇ. لېكىن ئاسىنىنىڭ كۆرگىنى چەينەكتىن پۇرۇقلاپ چىقىۋاتقان ھور ئىدى. بۇ ئۇنىڭ ئاشنىسىنىڭ باشقىلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ساختا نەق مەيدان ياسىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

# 25

## چۈمۈلىنىڭ دېلو مەلۇم قىلىشى

داۋېي قىمار ئويناپ، ھاراق ئىچىپ، دائىم يېرىم كېچىدە ئۆيگە كېلەتتى، خوتۇنى ئۇنىڭغا بىرنېمە دېيەلمەيتتى، گەپ قىلدىمۇ تاياق يەيتتى. بىر كۈنى كەچتە، داۋېي قىماردا ئۇتتۇرۇپ، ھەممە نېمىسىدىن ئايرىلىپ، روھى چۈشكەن ھالدا ئۆيىگە كەلدى. ئايالى بىرنەچچە ئېغىز كوتۇلداپ قويۇۋىدى، ئۇ غەزەپكە كېلىپ، تاماق شىرەسى ئۈستىدىكى ھەسەل بوتۇلكىنى ئېلىپ خوتۇنىنىڭ بېشىغا سالدى. ھەسەل خوتۇنىنىڭ باشلىرىغا چاپلىشىپ قالدى، ئۇنىڭ كىيىمىنىڭ ئىچىگىمۇ ئېقىپ كەتتى، ئايالىنىڭ چېكىسى يېرىلغان بولۇپ، قان بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتاتتى. داۋېي بۇنى سەزمەيتتى. ئۇ يەنە ئۇرماقچى بولۇپ قولىنى كۆتۈرگەندە، ئايالى يەردە سۇنايلىنىپ ياتاتتى.

ئايالىنىڭ مۇنداقلا ئۆلۈپ كېتىشى ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويدى، لېكىن دەرھال ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، بۇ ئىشنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش ئۈستىدە باش قاتۇردى. ئۇ جەسەتنى ماشىنىنىڭ ئارقىسىغا سېلىپ، شەھەر ئەتراپىدىكى بىر باغچىغا يۈرۈپ كەتتى.

يېرىم كېچە بولغاچقا، تەلىيىگە ئۇنى بىرەرسى كۆرۈپ قالمىدى، داۋېي جەسەتنى گۈللۈكنىڭ يېنىغا تاشلاپ قويۇپ، دەرھال كەتتى. لېكىن باغچىدا ئۇخلاۋاتقان بىر دىۋانە ئۇنىڭ ماشىنىسىنىڭ نومۇرىنى ئېسىدە تۇتۇۋالدى.

داۋىي ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بوتۇلكا ئۇۋاقلىرى-نى سۈپۈرۈپ، ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىۋەتتى، ئۆيىنى پاكىز يە-غىشتۇرۇۋېتىپ، خورقىراپ ئۇخلىدى.

ئەتىسى، جەسەت بايقالغاندىن كېيىن، ساقچىلار دىۋانە تەمىنى-لىگەن يىپ ئۇچىغا ئاساسەن، داۋىينىڭ ئۆيىگە كەلدى: «تۇنۇگۇن كەچتە نەدە ئىدىڭ، ماشىناڭنى ئىشلەتتىڭمۇ؟»

«ياق، ماشىنامنى ئىشلەتمىدىم، تۇنۇگۇن كەچتە قىمار ئويناپ قايتىپ كېلىپ ئۇخلىدىم، مانا ئۆزۈڭلار مېنى ئويغاتتىڭلارغۇ، مەن نېمە دەپ كېچىدە ماشىنا ئىشلىتىدىكەنمەن؟»

بۇ چاغدا داۋىينىڭ ماشىنىسىنى تەكشۈرگىلى كەتكەن ساقچى قايتىپ كېلىپ، ماشىنىنىڭ ساندۇقىدىمۇ نەق مەيداندىكىگە ئوخشاش نۇرغۇن چۈمۈلىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى.

رازۋېدكىچىلار باشلىقى كۈلۈپ تۇرۇپ: «ئايالىڭنىڭ جەسىتى ئۈستىدىكى چۈمۈلىلەر ۋە ماشىناڭنىڭ ساندۇقىدىكى چۈمۈلىلەر سېنىڭ ئايالىڭنى ئۆلتۈرگەن قاتىل ئىكەنلىكىڭنى ئېيتىپ بەر-دى» دېدى.

**جاۋابى:**

چۈمۈلىلەر ھەسەلگە ئوخشاش تاتلىق نەرسىلەرنى يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. داۋىي خوتۇنىنى ھەسەل بوتۇلكىسى بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن، جەسەتنى يۆتكىگەندە ماشىنىنىڭ ساندۇقىغا ھەسەل چاپلىشىپ قالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



# 26

## تاپانچا يوقىتىش دېلوسى

چوڭ كوچىدا قوراللىق ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلوسى يۈز بەردى. جىنايەتچى ئۈچ پىركازچىك ۋە بىر ساقچىنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، نەق مەيداندىن قېچىپ كەتتى.

ساقچى تەرەپ نەق مەيداندىن ساقچىلار ئىشلىتىدىغان تاپانچىدىن ئېتىلغان بىر نەچچە تال ئوق ۋە مىشەك تاپتى، تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ تاپانچىنىڭ ساقچى ئەمەلدارى ئاخۋانىڭ ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى.

ساقچىلار ئاخۋانى ئىزدىۋىدى، ئۇنى سولاقخانىدىن تاپتى. بۈگۈن ئەتىگەن ئىشقا ماڭىدىغان چاغدا، ئۇ قورالىنىڭ يوقلۇقىنى بايقىغان، ئۆينىڭ دېرىزىسى ئېتىكلىك، لېكىن ئىلغۇچى يوق ئىدى. ئاخۋا ساقچى ئىدارىسىگە كېلىپ باشلىقىغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلغانىدى، باشلىقى ئۇنى راسا تىللاپ، سولاقخانىغا سولاپ قويغانىدى. بۇ جىنايەتچىنىڭ ئاخۋانىڭ تاپانچىسىنى ئوغرىلاپ جىنايەت سادىر قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرەتتى.

رازۋېدكا قىلىش ئارقىلىق مەلۇم بولدىكى، تۈنۈگۈن ئىككى ئادەم ئاخۋانىڭ ئۆيىگە بارغان. بىرى، ئۇنىڭ دوستى ئاچاڭ، ئۇ باشقىلارغا قىماردا قەرزدار بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، قەرز ئىگىلىرىدىن قورقۇپ قېچىپ يۈرەتتى، تۈنۈگۈن ئاخشام ئۇ ئاخۋانىڭ ئۆيىدە سائەت 10 غىچە تۇرۇپ، ئاندىن باشقا بىر ئاغىنىسىنىڭكىگە كەتكەن.

يەنە بىرى ئاخۇۋا يېقىندىن تونۇشقان تازىلىق ئىشچىسى ماگى ئىدى. ئۇ تونۇگۈن كەچ كېلىپ ئۇنىڭدىن 100 يۈەن قەرز ئېلىپ، كېچە سائەت 11 دە ماشىنىغا ئولتۇرۇپ باشقا جايغا كەتكەنىدى.

ساقچىلار ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئاختۇردى. ماگىنىڭ ئۆيىدە بىر مايمۇندىن باشقا ھېچنەرسە يوق ئىدى. بۇ يەردىن كېتەيلى دەپ تۇرغاندا، رازۋېدكىچىلار باشلىقى تۇيۇقسىز قاتىل تېپىلدى دېدى.

ئۇنىڭ مۇنداق ئىشەنچلىك گەپ قىلىشىغا سەۋەب بولغان زادى نېمە؟

**جاۋابى:**

قورالنى مايمۇن ئوغرىلىغان. ئۆگىتىلگەن مايمۇن ئىگىسىنىڭ بۇيرۇغىنى بويىچە ھەرقانداق نەرسىنى ئېلىپ كېلەلەيدۇ. ماگى ئاخۇۋادىن پۇل قەرز ئېلىۋاتقان پەيتتە، ئۇنىڭ دېرىزىسىنىڭ ئىلغۇچىنى ئېلىۋەتكەن، ماگى ئاخۇۋانىڭ ئۆيىدىن كەتكەندىن كېيىن، مايمۇن ئارقىلىق قورال ئوغرىلاپ، دېلو سادىر قىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# 27

## كەسپىي ئالاھىدىلىك

شەھەر ئەتراپى رايونىدا چىرايلىق بىر خانىم ئۆلتۈرۈلدى. دېلو سادىر بولغان ۋاقىت چۈشتىن كېيىن سائەت بىر يېرىمدىن ئىككىگىچە بولغان چاغ ئىدى.

نەق مەيداندا بىر نەچچىنى شوراپىلا تاشلىۋېتىلگەن بىر تال تاماكا قالدۇقى بولۇپ، ئىشىكنىڭ سىرتىغا تاشلىۋېتىلگەنىدى. چۈشتىن كېيىن سائەت بىر ئەتراپىدا پوچتىكەش بۇ يەردىن ئۆتكەندە ئۇ ئايالنىڭ ھويلا سۈپۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەن. شۇڭا ئىشىكنىڭ سىرتىغا تاشلاقلىق تاماكا قالدۇقىنى جىنايەتچى تاشلىغان، ھەم دەسسەپ ئۆچۈرگەن ئىدى.

بۇ خانىمنىڭ ئېرى ۋېيېننا شەھەرلىك ئوركېستىر ئۆمىكىنىڭ پىيانىنوچىسى بولۇپ، دېلو سادىر بولغاندا ئۇ بورگ تىياتىرخانىسىدا ئويۇن قويۇۋاتاتتى، بۇ ئۇنىڭ دېلو يۈز بەرگەندە نەق مەيداندا يوقلۇقىغا تولۇق ئىسپات بولاتتى. ساقچىلار ئىككى گۇماندارنى تاپتى. چۈنكى بۇ ئادەم ھېلىقى تاماكا قالدۇقىغا ئوخشاش ماركىلىق تاماكا چېكەتتى، شۇڭا ئۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ قاتىل ئىكەنلىكىنى بېكىتكىلى بولمايۋاتاتتى.

بۇلارنىڭ بىرى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ياش ئاشنىسى بولۇپ، مۇزىكا مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ئېرى ئويۇن قويغىلى باشقا جايلارغا كەتكەندە، يالغۇزسىراپ قېلىپ، ئۇ ئوقۇغۇچىنى تېپىۋالغان. ئاڭلاشلارغا قا-



رىغاندا، خانىم ئېرى سىرتقا ئويۇن قويغىلى كەتكەندە بۇ ياش ئاشنىسىنى ئۆيىدە قوندۇرغان.

يەنە بىرى، دائىم ئەشۇ ئەتراپتا ساغلاملىق يېمەكلىكلىرىنى ساتىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ بىر ئادىتى قايسى ئۆيدە يالغۇز ئايال بولسا، يۈزىنى قېلىن قىلىپ، چىرايلىق گەپلەر بىلەن ئاياللارنى جەلپ قىلىدىغان ئادەم ئىدى.

رازۋېدكا ھېكايىلىرى يازغۇچىسى سوۋېن چىڭجاڭ ياردەم

## بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى - 1

سوراپ كەلگەن ساقچىلارنىڭ بايانلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھېلىقى مال ساتقۇچى قاتىل شۇ دېدى.

جاۋابى:

ئەگەر ئوقۇغۇچى قاتىل بولسا، تاماكىنى بىرىنچى شورايلا تاشلىۋەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇ بۇ ئۆيگە دائىم كىرىدىغان بولغاچقا، تاماكىنى چېكىپ كىرىپ كېتىۋېرىدۇ. پەقەت ھېلىقى ساتقۇچىلا ھەر قېتىم باشقىلارنىڭ ئۆيىگە كىرىشتىن بۇرۇن ئەدەپ يۈزىسىدىن تاماكىنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ. بۇنداق ئادەملەرنىڭ ھەر قېتىم ناتونۇش ئادەملەرنىڭ ئۆيىگە كىرىشتىن بۇرۇن تاماكىنى ئۆچۈرۈشى، ئۇلارنىڭ كەسىپى ئالاھىدىلىكى.

# 28

## ئىچ كىيىمدىكى سۇۋەرەك

جىڭنەن كۆل بويىدا چۈشكىچە ئولتۇرۇپ، بىر تالمۇ بېلىق تۇتالمىدى. چۈش بولغاندا، ئۇنىڭ ئايالى تېلېفون بېرىپ بالا قىزىتىپ قاپتۇ، دەرھال قايتىپ كېلىڭ دېدى. ئۇ نەرسىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ قايتاي دەپ تۇرۇشىغا قارماق چۆكۈپ كەتتى، جىڭنەن چوڭ بېلىقتىن بىرسى ئىلىندى دەپ ئويلاپ، قارماقنى كۈچەپ تارتىۋىدى، قارماققا بىر جەسەت ئىلىنىپ چىقتى.

جىڭنەن قورقۇپ ئىشتىنىغا قويۇۋەتكىلى تاس قېلىپ دەرھال قاچتى، لېكىن سەل ماڭغاندىن كېيىن، يەنىلا ساقچىغا مەلۇم قىلدى.

ساقچىلار كېلىپ جەسەتنى سۈزدى. جەسەتنىڭ ئۈچىسىدا ئىچ كىيىملا بار ئىدى. قارىغاندا چۈشەكەپ، ياكى ئۆلۈۋېلىش خاراكتېرىدىكى سۇغا چۆكۈپ ئۆلۈشتەك قىلاتتى. لېكىن گوڭبىن ساقچى ۋازاۋىتى جەسەتنىڭ ئىچ كىيىمىنى تەكشۈرگەندە، ئىچ كىيىمدىن ئىككى تال سۇۋەرەكنىڭ ئۆلۈكىنى بايقىدى، ساقچىلار سۇۋەرەكنىڭ ئۆلۈكىگە ئاساسەن، ئۆلگۈچى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالمىغان، بەلكى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن دەپ ھۆكۈم قىلدى.

جىنايەتچى ئالدى بىلەن بىرىنچى نەق مەيداندا بۇ ئەرنى ئۆلتۈرگەن، بۇ چوقۇم ئۆينىڭ ئىچىدە بولۇشى مۇمكىن، يېرىم كېچىگىچە ساقلىغاندىن كېيىن، جەسەتنى كۆلگە تاشلىۋەتكەن.

## بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى - 1

جاۋابى:



# 29

## ساختا ۋەسىيەتنامە

شيۋەن ئۆلۈپ، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن مال ـ مۈلۈك مىراس قالدى. ئۇنىڭ قىزى قانۇنلۇق مىراسخور ئىدى، لېكىن شيۋەننىڭ ئىنىسى: «ئاكام جان ئۈزۈش ئالدىدا مۈلكۈمنىڭ 50% گە ئىنىم ۋارىسلىق قىلىدۇ دەپ ۋەسىيەتنامە يېزىپ بەرگەن» دەپ بىر ۋەسىيەتنامىنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

شيۇەننىڭ قىزىدا ۋەسىيەتنامە بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ مىراس دەۋاسى ئوتتۇرىغا چىقتى.

شيۇەننىڭ ئىنىسىنىڭ قولىدىكى ۋەسىيەتنامە ئۈچ ۋاراق بولۇپ، خەتلەر ناھايىتى رەتسىز بولسىمۇ، لېكىن ئاساسىي مەنىسىنى چۈشەنگىلى بولاتتى: ھايات ۋاقتىمدا ئىنىم دومىلاڭ ماڭا ياخشى قارىدىڭىز، ئەجرىڭىزگە جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن، مال ـ مۈلكۈمنىڭ يېرىمىنى سىزگە ھەدىيە قىلدىم. ئەگەر ئوغلۇم ياكى قىزىم بۇنىڭغا قارشى چىقسا، مانا بۇ ئاساس بولىدۇ.

بىر ـ بىرىنى قايىل قىلالمىغان ئىككى تەرەپ، بىر رازۋېدكىچىنى تاپتى. رازۋېتچىك ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، ۋەسىيەتنامىدىكى خەت دادىڭىزنىڭ يازمىسىمۇ؟ دەپ سورىدى، شيۇەننىڭ قىزىدىن.

— دادام قاتتىق ۋەقەسىدە ئېغىر يارىلانغانلىقى ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرالمىدى، تاغامنىڭ دېيىشىچە دادام بۇ ۋەسىيەتنامىنى كارىۋاتتا ئوڭدا يېتىپ تۇرۇپ، ماي قەلەم بىلەن يازغانىكەن، شۇ

# بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى - 1

ۋا خەتلەر ئۆمۈچۈك پۇتىدەك مايماق - سايماق بولۇپ، دادامنىڭ خېتىگە زادىلا ئوخشىمايدۇ، شۇڭا، بۇ ۋەسىيەتنامىنىڭ راست - يالغانلىقىغىمۇ بىر نېمە دېمەك قىيىن، — دېدى ئۇنىڭ قىزى.

رازۋېدچىك شىۋەننىڭ ئىنىسىدىن: شىۋەن ۋەسىيەتنامىنى نەدە يازغان، ئەينى ۋاقىتتا كىملەر بار ئىدى؟ دەپ سورىدى.

شىۋەننىڭ ئىنىسى دېگەن ئەھۋال بىلەن شىۋەننىڭ قىزى دېگەن ئەھۋاللار ئوخشاش ئىدى. شىۋەننىڭ ئىنىسى گەپ قىلغاچ ۋەسىيەتنامىنى رازۋېدكىچىنىڭ كۆرۈپ بېقىشىغا ئۇزاتتى، رازۋېدكىچى: بولدى كۆرمىسەممۇ بولىدۇ، ۋەسىيەتنامە ساختا دېدى.

**جاۋابى:**



# 30

## سىتكا توپ سارىيى پارتلاش دېلوسى

چىڭشەن مەلۇم ئالىي مەكتەپنىڭ 2 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، چۈشتىن بۇرۇن دەرس بولمىغاچقا، ئۇ سىتكا توپ پالىقد- نى ئېلىپ سىتكا توپ سارىيىغا كىرىپ مەشىق قىلماقچى بولدى. دۈشەنبە كۈنى ئەتىگەن، سىتكا توپ سارىيى جىمجىت بولۇپ، چىڭشەندىن باشقا ئادەم يوق ئىدى.

ئۇ مۇلازىمەت خانىدىن ئىككى تال توپ ئېلىپ مەشىق قى- لىشقا باشلىدى.

تۇيۇقسىز «گۇم» قىلغان پارتلاش ئاۋازى ئاڭلاندى، سارايغا قارايدىغان ئادەم پارتلاش ئاۋازىدىن چۆچۈپ كېلىپ قارىۋىدى چىڭشەن ئاللىبۇرۇن ئۆلگەن ئىدى. نەق مەيداندىن قارىغاندا، كى- چىك تىپتىكى قول بومبىسىغا ئوخشاش نەرسە پارتلىغان بولۇپ، چىڭشەننىڭ قورسىقى بىلەن پۇتى پارتلاپ كەتكەنىدى. نەق مەيداندا بىر تال پالاق تۇراتتى، يەنە بىرىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى، جىنايەتچىنىڭ ئاياغ ئىزىمۇ يوق ئىدى. بۇ مەيداننىڭ ئەتراپى سىم بىلەن ئېگىز قىلىپ قورشالغان بولۇپ، سىرتتىن قول بومبىسى تاشلاش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى.

قاتىل زادى قانداق قاتىللىق قورالى بىلەن ئۇنىڭغا زىيانكەش- لىك قىلغان؟ ھەرقانچە بولسىمۇ يەر ئاستى مىناسى ئەمەستۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى - 1

جاۋابى:



# 31

## يگنە مىختىكى مەخپىيەتلىك

تېلېۋىزىيە چولپىنى ئاشىن كانادانىڭ تورونتو شەھىرىگە فىلىم ئىشلەشكە مېڭىش ئالدىدا، تويۇقسىز ئۇنىڭ ئۆيىدىن جەسەتى بايقالدى. ئۇنىڭ ئىنىسىنىڭ تېلېفوننى تاپشۇرۇپ ئالغان ساقچىلار، دەرھال نەق مەيدانغا يېتىپ كەلدى.

ئۆلگۈچى ئۇزۇن كۆڭلەك بىلەن ياتاق ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياتاتتى. بۇ قاملاشقان، چىرايلىق ئايال ئىدى. جەسەتنىڭ بويىندا ئىنچىكە تانا بىلەن سىققانغا ئوخشايدىغان ئىز بارئىدى. گىرىم ئۈستىلى جەسەتنىڭ يېنىغا ئۆرۈلگەن بولۇپ، قاتىل ئورۇندۇق ئۈستىگە چىقىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ گېلىنى سىقىپ ئۆلتۈرگەن ئىدى. ئەجەبلىنەرلىكى، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسەتمىگەندەك قىلاتتى.

«قاتىل ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئاچچىزنىڭ گېلىنى سىقىپتۇ، لېكىن ئاچچىز نېمىشقا قارشىلىق كۆرسەتمەيدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاچچىز قاتىل بىلەن پەقەت ئۇزۇن كۆڭلەك بىلەنلا كۆرۈشكەن، بۇ ئۇلارنىڭ ئادەتتىكى تونۇشلاردىن ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. مۇنداق ئادەملەرگە قارىتا كۆڭلىڭىزدە سان بارمۇ؟» جىنايى ئىشلار ساقچىسى ئۆلگۈچىنىڭ ئىنىسىدىن شۇنداق دەپ سورىدى.

«ياق» دېدى، ئۆلگۈچىنىڭ ئىنىسى «ئاچامنىڭ ھازىرغىچە ئەر دوستى يوق ئىدى، شۇڭا مەن ئۇنىڭ بۇ ھالدا مېھمان كۈتۈشىنى ئويلىماپتىمەن. ئاچام تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇيدىغان چاغدا

## بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى - 1

ۋاسكېتبول تەنھەرىكەتچىسى بولۇپ، ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى، بۇ-نى ئۇنىڭ سىرتقى قىياپىتىگە قاراپ بىلگىلى بولمايتتى. شۇڭا ئۇنى باشقىلار مۇنداق ئاسانلا ئۆلتۈرۈۋېتەلمەيتتى.» بۇ ئەھۋال ئۇنىڭ ئىنىسىنىڭمۇ كاللىسىدىن ئۆتمەيۋاتاتتى.

«ھەي، بۇ نېمە؟» جىنايى ئىشلار ساقچىسى، گىلەم ئۈستىدىن بىر تال يىڭنە تېپىۋالدى. بۇ ئادەتتىكى تىكىش يىڭنىسى بولماس-تىن، باش تەرىپىگە بىر تال يىڭنە مىخ چىگىپ قويۇلغان ئىدى. بۇ تىككۈچىلىكتە رەختىنىڭ ئۈستىگە سانجىپ قويۇپ بەلگە قى-لىش ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى. جىنايى ئىشلار ساقچىسى يىڭنە مىختىن كۆزىنى ئۈزمەي بىر ھازا قارىغاندىن كېيىن، بىردىنلا ئېسىگە كېلىپ: «ھە، مۇنداق ئىشكەندە، ئۇقتۇم! ئەگەر قاتىل مە-لۇم كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم بولسا، ئۇنىڭ ئوبيېك-تىنىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭدىن ھېچقانداق مۇدا-پىئە قىلمايلا، ئارقىدىن كېلىپ ئۆلگۈچىنىڭ گېلىنى سىقىپ ئۆلتۈرەلمەيدۇ!» دېدى. جىنايى ئىشلار ساقچىسى پەقەت ئاشۇ يىڭ-نە مىخقا قاراپلا قاتىلنىڭ كىملىكىگە كەسكىن ھۆكۈم قىلدى.

ئۇنداقتا، قاتىل زادى نېمە ئادەم؟

**جاۋابى:**

[illegible]

# 32

## ساپ ئالتۇننىڭ خۇسۇسىيتى

قىممەتلىك بۇيۇملار دۇكىنىنىڭ يەر ئاستى ئامبىرىدىن ساپ-لىقى ناھايىتى يۇقىرى 100 كىلوگرام نۆكچە ئالتۇن ئوغرىلاندى. جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى پىرىستاندا ئوغرى بىلەن ئۇنىڭ ما-شىنىسىنى تۇتۇپ قالدى.

جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى ماشىنىنىڭ ئىچ - سىرتىنى، كا-مېر، ئورۇندۇقىنىڭ تېگىنى چالا قويماي ئاختۇردى، لېكىن ساق-چىلار بىرەر تال ئالتۇننىڭ ئۇۋۇقىنىمۇ تاپالماي قاتتىق ئۈمىد-سىزلەندى.

«ھازىرقى جەمئىيەت قانۇن - تۈزۈم جەمئىيىتى، تېزراق بو-لۇڭلار، ئىشىمغا دەخلى قىلماڭلار، ئاش تاۋۇقىڭلاردىن ئايرىلىپ قالماڭلار يەنە، ھا... ھا... ھا...» ئوغرى ساقچىلارنى مازاق قىل-دى.

بۇ چاغدا رازۋېدكىچى خونتىر يېتىپ كەلدى، ئۇ ماشىنىغا قاراپ قويۇپ:

«سىلەر ماشىنىنى قانداق ئاختۇردۇڭلار، ئالتۇنلار كۆز ئال-دىڭلاردىلا تۇرمامدۇ.» ئۇ بىر قاراپلا ئوغرىلارنىڭ قانداق ھۈنەر ئىشلەتكەنلىكىنى بىلىۋالغانىدى.

«خاتىرجەم بولۇڭ، بۇ ئالتۇنلار ئاشۇ قىممەتلىك بۇيۇملار دۇ-كىنىدىن ئوغرىلانغان ئالتۇنلارمۇ - ئەمەسمۇ، بۇنى بىز ھازىرچە ئىسپاتلىيالمايمىز. شۇڭا سىزنىڭ گۇناھىڭىزنى سورىمايمىز.»

## بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى = 1

خونتىر چاچچاق قىلىشنى ئۇنتۇپ قالمىدى.

«ھەي، سەل بۇرۇنراق بولغان بولسا، ھېچ ئىش يوق ئىكەن...» ئوغرى ئۇيان - بۇيان ماڭغىلى تۇردى، ئۇ كېچىككەندى.

**جاۋابى:**

[illegible]

# 33

## ئۇ نېمە يېگەن؟

يازنىڭ بىر ئاخشىمى خېيچۇەننىڭ دوستى سۇڭبىن خېيچۇەننى بىللە هاراق ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى. خېيچۇەن سىرتقا چىقىپ يۇرگىچە ئازراق قورۇما تەييارلاپ بىزنىڭ ئۆيدىلا ئىچەيلى، سىرتتىكىدىن كۆڭۈللۇكرەك بولىدۇ، دېدى.

شۇنداق قىلىپ ئىككىيلەن خېيچۇەننىڭ ئۆيىدە غەرق مەست بولغىچە ئىچتى. ئەمەلىيەتتە سۇڭبىن مەست قىياپىتىگە كىرىۋالغانىدى. ئۇ خېيچۇەننىڭ راستىنلا مەست بولغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، چىڭخۇا بېلىقىنىڭ قېنىنى خېيچۇەننىڭ هاۋا ئالماشتۇرىدىغان دېرىزىسىگە تېمىتىپ قويۇپ، مەست قىياپىتىدە ئەتىسى ئەتىگەنگىچە راسا ئۇخلىدى.

ئەتىسى خېيچۇەننىڭ ئۆلگەنلىكى بايقالدى.

قانۇن دوختۇرى تەكشۈرۈپ رېئاكسىيە سەۋەبلىك نەپەسى قىسىلىشىپ ئۆلگەن دەپ هۆكۈم چىقاردى.

رازۋېدكىچى چۇەنداۋ نەق مەيداننى تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن، قاتىل سۇڭبىن دېدى.

www.uyghurkitap.com



جاۋابى:



# 34

## ئايال كۆتكۆچىنىڭ قولىدىكى مەرۋايىت

كۆتكۆچى ياڭزى كارىۋىتىدا ئۆلۈپ قالدى، ئۇ ئىچىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى، ئۇنىڭ بەدىنىدە جاراھەت ئىزى يوق، شۇنداقلا زورلاۋانلىق ئالامەتلىرىمۇ يوق بولۇپ، پەقەت قولىدا بىر تىزىق مەرۋايىت مارجان بار ئىدى.

ياڭزى پۇلغا بەك ئامراق بولۇپ، ئادەتتە باشقىلارغا قەرز بېرىپ، يۇقىرى ئۆسۈم بىلەن قايتۇرۇۋېلىپ، جازانىخورلۇق بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. قەرزنى ۋاقتىدا قايتۇرالمىغانلارنىڭ زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى، يېڭى كىيىملىرىنى گۆرۈگە ئېلىۋالىدىكەن، شۇڭا نۇرغۇن خىزمەتداشلىرى ئۇنىڭغا ئۆچ ئىكەن.

قانۇن دوختۇرى جەسەتنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، يۇقىرى ئۇنۇملۇك ئۆتكۈر زەھەر بىلەن ئۆلگەن دەپ يەكۈن چىقاردى.

ساقچى تەرەپ ياڭزىنىڭ قولىدىكى مارجاننىڭ ئىگىسىنى تاپتى. بۇ مارجان يۇمېيزىنىڭ بولۇپ، ئۇ قەرزنى قايتۇرالمىغاچقا ئۇنىڭغا گۆرۈگە قويغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى.

«سىز مارجاننى قاچان، قەيەردە بەرگەن؟»

«تۈنۈگۈن كەچ سائەت 10 ئەتراپىدا بەرگەن. ئۇ ئادەتتە ھېچكىمگە ئىشەنمەيتتى، شۇڭا، ئىشىكنىڭ قىسىلچىقىدىن سۇنۇپ بەرگەن ئىدىم.»

«غەلىتە ئىشقۇ بۇ، دېرىزىمۇ ئېتىلگەن، ئىشىكمۇ ئىچىدىن

www.uyghurkitap.com



ئىلىنغان، دېمەك ياغىزى مەخپىي ئۆلتۈرۈلگەن. شۇنداق قىلىپ يومپېيزى گوماندارلار قاتارىدىن چىقىرىۋېتىلەمدۇ؟» بىر ساقچى شۇنداق دېدى.

«دېرىزىمۇ ئېتىكلىك، ئىشىكمۇ ئىلىقلىق، ئادەم كىرەلمەيدۇ. شۇنداق دېگەن تەقدىردىمۇ ئىچىدىن ئىلىپ قويۇلغان ئۆينىڭ ئىشىكى 7 ـ 8 سانتىمېتىر ئېچىلىدۇ. جىنايەتچى مۇشۇ بوشلۇقتىن پايدىلىنىپ دېلو سادىر قىلغان يومپېيزى قەرزىنى قايتۇرالمىغانلىقتىن، ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان مارجىنىنى ياغزىغا گۆرۈگە قويغان. ياغىزى ئاغزىدا ئەپسۇسلانغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئالغان. شۇنىڭ بىلەن يومپېيزى ئاچچىقىدا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولغان. شۇنىڭ بىلەن يومپېيزى مارجاننى ئىشىكتىن كۆرگىلى بولىدىغان قول يەتكۈدەك يەرگە قويۇپ قويغان. ياغىزى ئېڭىشىپ ئالىدىغان چاغدا، يومپېيزى ئىشىكنىڭ كەينىدە تۇرۇپ، قاتىللىق قورالى بىلەن ئۇنىڭ ئارقا مېڭىسىگە قاتتىق ئۇرغان. لېكىن بۇ زەربە ئەجەللىك بولمىغان، ياغىزى ۋايجان دېگىنىچە مارجاننى ئېلىپ، ئىچكىرىگە قاچقان. لېكىن يارىسى ئېغىر بولغاچقا، 2 ـ 3 قەدەم مېڭىپلا يىقىلىپ جان بەرگەن.»

ئىزچىل گەپ قىلماي ئولتۇرغان رازۋېدكىچىلار باشلىقى چۇەنداۋ ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ: «سىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرۇڭلار بەك مول بولۇپ كەتتىغۇ دەيمەن. ئۆلگۈچى باشقىلار بىلەن قىپيالىڭاچ كۆرۈشەمدۇ؟ ئۇنىڭ بەدىنىدە بىر نەرسە تەگكەن جاراھەت ئىزى بارمىكەن؟»

«سىلەر مارجاننىڭ قېپىنى كۆرۈپ باقساڭلار جاۋابقا ئېرىشەلەيسىلەر» دېدى.

## جاۋابى:

[illegible]

[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# 35

## بىخەتەرلىك ئىشكاپىنىڭ مەخپىي نومۇرى

شىنىئەيئېر بىر قېرى بويتاق بولۇپ، پۇلى كۆپ ئىدى. يېقىندىن بۇيان، ئۇ بىر ياش ئايال بىلەن باردى - كەلدى قىلىپ يۈرەتتى، بۇ ئايال ئادەتتىكى ئاياللاردىن بولماستىن، قېرىنىڭ پۇلىنى كۆزلىگەن ئىدى. بوۋاينىڭ بىر بىخەتەر ئىشكاپى بولۇپ، ياشىنىپ قالغاچقا دائىم ئۇنىڭ مەخپىي نومۇرىنى ئۇنتۇپ قالاتتى.

بىر كۈنى قېرى ھېلىقى ئايالغا مەخپىي نومۇرنى ئۇنتۇپ قالمايدىغان ئامالىنى تاپقانلىقىنى ئېيتتى. ئايال ھەرقانچە قىلىپمۇ بوۋايدىن گەپ ئالالمىدى. ئۇ بوۋاينىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇپ قېزىۋەتكەن بولسىمۇ، مەخپىي نومۇرنىڭ يىپ ئۇچىغا ئېرىشەلمىدى، لېكىن بىر كۈنى كېچە سائەت 12 دە، ئۇ ئادەتتە ئۆزى ئىنچىل دىققەت قىلماي كېلىۋاتقان بىر نەرسىنى بايقىدى. ئايال ئۆزىنىڭ بايقىشى ۋە تەسەۋۋۇرىغا ئاساسەن مەخپىي نومۇرنى تېپىپ، بوۋاينىڭ بىخەتەر ئىشكاپىدىكى ئالتۇنلارنى ئوغرىلاپ كەتتى.

ئايال زادى نېمىنى بايقىدى، ئۇ نەرسە مەخپىي نومۇرنى ئۇنىڭغا قانداق ئېيتىپ بەردى؟



جاۋابى:

توختاپ قالغان تام سائىتىنىڭ ئۆزى مەخپىي نومۇر. ئۇ كۆتۈپخانىغا كىرگەندە كېچە سائەت 12 بولغان بولۇپ، سائىتىنىڭ ئىستىرېلكىسى 9 دىن 35 مىنۇت 15 سېكۇنتنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئەمەلىيەتتە سائەت ئاللىبۇرۇن توختاپ قالغان ئىدى. شۇڭا، سائەت توختىغان ۋاقىت بىخەتەر ئىشكاپنىڭ مەخپىي نومۇرى. 9 دىن 35 مىنۇت 15 سېكۇنتنى قاتار قىلىپ ئوقۇسا 93515 دېگەن بەش خانىلىق سان كېلىپ چىقىدۇ. ئەگەر ئۇنى 21 دىن 35 مىنۇت 15 سېكۇنت دەپ ئوقۇسا 213515 دىن ئىبارەت ئالتە خانىلىق سان بولىدۇ. مانا بۇ بىخەتەر ئىشكاپنىڭ مەخپىي نومۇرى.

www.uyghurkitap.com



# 36

## مۇئەللىم نېمە دەرس ئۆتىدۇ

شەنبىن، جۇشا، چۈەنداۋ ئۈچەيلەن كىچىكىدىنلا ياخشى دوستلاردىن بولۇپ، ئالىي مەكتەپكە چىقىشتىن بۇرۇن ئىزچىل بىر سىنىپتا ئوقۇدى. ئالىي مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن پەقەت كەسپىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇلار يەنىلا بىر مەكتەپتە ئوقۇدى، ياتىقىمۇ بىر بىنانىڭ ئوخشاش قەۋىتىدە ئىدى. ئۇلارنىڭ دوستلۇقىنى تەڭرى پېشانىسىگە پۈتۈۋەتكەندەك، ئۇلار ئوقۇش پۈتكۈرگەندىن كېيىنمۇ ئوخشاش خىزمەت قىلىشنى قارار قىلدى.

دەرۋەقە تەڭرى شاپائەت قىلىپ، ئۇلارنى بىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلدى.

ئۇلار بۇ مەكتەپتە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بىئولوگىيە، فىزىكا، ئىنگلىز تىلى، تەنتەربىيە، تارىخ ۋە ماتېماتىكىدىن ئىبارەت ئالتە خىل دەرستىن ئىككىدىن ئۈستىگە ئالدى.

تۆۋەندە ئۈچۈر بىلەن تەمىنلەيمىز:

1. فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى بىلەن تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى قوشنا؛

2. شەنبىن ئۇلارنىڭ ئىچىدە يېشى ئەڭ كىچىكى؛

3. چۈەنداۋ، بىيولوگىيە ئوقۇتقۇچىسى ۋە تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى ئۈچەيلەن مەكتەپتىن دائىم بىللە قايتىدۇ؛

4. بىيولوگىيە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ يېشى ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسىدىن چوڭراق؛

5. ئارام ئېلىش كۈنلىرى ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسى، ما-تېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى شەنبە بىلەن ۋالىبول ئوينايدۇ.

يۇقىرىدىكى ئۇچۇرلاردىن ئۇ ئۈچەيلەننىڭ قايسى ئىككى خىلدىن دەرس ئۆتىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىپ بېقىڭ.

**جاۋابى:**



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# 37

## رىقابەتچى

بېيداۋ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جىنايەت پسىخولوگىيە پىرو-فېسسورى دايى تۇيۇقسىز بىنادىن ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋالدى.

ئۇ يېقىندىن بۇيان مەكتەپ مۇدىرلىق رىقابىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن پائال ھەرىكەت قىلىۋاتاتتى. بۇنداق چاغدا ئۇ ھەرگىز ئۆ-لۈۋالمايدۇ، چوقۇم باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگۈچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ بىنادىن سەكرەشتىن بۇرۇن ئۆزىنىڭ رىقابەتچىسى كىلىنىكا پسىخولوگى-يە پىروفېسسورى سېنىۋۇ بىلەن قاتتىق گەپ تالىشىپ قالغان. بۇ ئىشمۇ نورمال ئىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى مۇدىر نامزاتلىرى ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ ئىككىيلەن ئەڭ كۈچلۈك رىقابەتچىلەردىن بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا داۋاملىق تالاش - تار-تىش بولۇپ تۇراتتى.

تەكشۈرۈش ئارقىلىق دايى ئەپەندىنىڭ باشقا كېسىلى بارلىقى نەزەردىن ساقىت قىلىندى.

شۇنىڭ بىلەن ساقچىلار كۆرگۈچىلەرنى قايتا زىيارەت قىل-ماقچى بولدى. كۆرگۈچىلەر: «ئۇ كۈنى مەن ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى سېنىۋۇ پىروفېسسورنىڭ كافېدراسىدىن گەپ تالاشقان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. قارىسام دايى پىروفېسسور بىلەن سېنىۋۇ پىروفېسسور ئىكەن، ئىككىيلەن ئۆز كەسپىدە دۇنياۋى نوپۇزغا ئىگە بولۇپ، ھازىر ئۇلار مۇدىرلىق ئورنىنى تالىشىۋاتقان

رىقابەتچىلەر ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. ماڭا قىزىق تۇيۇلۇپ، توختاپ ئاڭلاپ باقتىم.»

ئۇلارنىڭ ئاۋازى بىردىنلا تۆۋەنلەپ كەتتى:

«ئاڭلىسام سىزنى ئىچكى جەھەتتە مۇدىر نامزاتى قىلىپ تاللاپتۇ، بۇ راستمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، مەن ئاۋۋال سىزنى تەبرىكلەيمەن.» سېنىۋۇ پىروفېسسور كۈلۈپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى.

«بۇنىڭ بىلەن سىزنىڭ كارىڭىز بولمىسۇن، سىز مېنى مۇشۇ ئىش ئۈچۈن چاقىرتقانمىدىڭىز؟ قاراڭ سېنىۋۇ ئەپەندى، مەن سىرتتا دوكلات بېرىپ ئەمدى كەلدىم، سەل ھارغاندەك قىلىمەن، باشقا ئىش بولمىسا مەن قايتاي!»

«بولىدۇ! دايى ئەپەندى، سالامەتلىكىڭىزگە دىققەت قىلىڭ. قارىغاندا ئارام ئالسىڭىز بولغۇدەك، مەن سىزنى ئاپپاق قار ئۈستىدە ياتقۇزۇپ ئارام ئالدۇرسام بولغۇدەك!» سېنىۋۇ شۇنداق دەپ، مۇشتىنى ئالىقىنىغا «پاق» قىلىپ ئۇردى. دەل شۇ چاغدا ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان بىر ئىش يۈز بەردى. كۆزنى يۇمۇپ – ئاچقۇچە دايى ئەپەندىنىڭ يۈزى ئەلەملىك سىلكىنىپ، بوينى بىر تەرەپكە سىڭايان بولدى – دە، بىردىنلا دېرىزىنى ئېچىپ، ئېچىنىشلىق ھالدا بىنادىن سەكرىدى.

جاۋابى:

سىنىۋۇ ئۆزى پىششىق بولغان ئۇخلىتىپ داۋالاش ئۇسۇلىنى قوللانغان، ئەمدى دوكلات بېرىپ قايتقان، ھارغىن ھالەتتىكى دايى ئەپەندىگە ئۇخلىتىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. ئۇ ئالدى بىلەن ئۇخلىتىش ئۇسۇلىنى ئىشلىتىپ بىشارەت بەرگەندىن كېيىن، بۇ يەردىن ئۆتكەن ئادەمگە مەقسەتلىك ھالدا كۆرسىتىپ، ھەرىكىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# 38

## مۇقىم نىشان

رەسسام ئۆزىنىڭ مودېلى بىلەن چىقىشىپ قالدى، بۇ ئىش رەسسامنىڭ ئايالىنىڭ كۆڭلىنى بىسەرەمجان قىلدى.

بىر كۈنى، ئۇ ئامال تېپىپ مودېلنى كۆزدىن يوقىتىپ، ئېرىدىنى قايتۇرۇۋالماقچى بولدى. ئۇ ھاۋارايى مەلۇماتىدىن ئەتە چۈشتىن كېيىن قارا يامغۇر ياغىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ، بىر قۇر تەييارلىق قىلىپ قويدى.

ئاشۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە، رەسسام خانىسىدا ھېلىقى يالىڭاچ پەرىشتىنىڭ رەسىمىنى سىزىۋاتاتتى، مودېلمۇ بەلگىلەنگەن ئورۇندا تۇراتتى، رەسسامنىڭ ئايالى ئېرىگە چاي ۋە تاتلىق - تۈرۈملار ئەكىرىپ بېرىپ، بۇلارنى ئوبدان كۆرۈۋالدى، كۆڭلىدە بولسا، تەڭرىدىن بۇ يامغۇرنى ۋاقتىدا ياغدۇرۇشنى تىلىدى.

بىردەمدىن كېيىن چاقماق چېقىپ، يامغۇر چېلەكلەپ قۇيغاندەك يېغىپ كەتتى، تۇيۇقسىز چىققان ئوق ئاۋازى بىلەن تەڭ، مودېل ۋايجان دېگىنىچە يىقىلدى.

رەسسام بېرىپ قارىۋىدى، مودېل ئۆلۈپتۇ. ئۇ ساقچىغا تېلېفون بېرىپ بولۇپ، خوتۇنىنىڭ قورقۇپ ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى يۆلەپ ئۇستۇنكى قەۋەتكە ئېلىپ چىقىپ ياتقۇزۇپ قويدى.

ساقچىلار كېلىپ نەق مەيداننى تەكشۈرگەندىن كېيىن، مو-

دېلنى ئاتقان تاپانچىنىڭ دېرىزە سىرتىدىكى تام ئۈستىدە تۇرغانلىقىنى كۆردى، جېنايى ئىشلار ساقچىسى تامنىڭ بۇلۇڭىدىكى بىر نەرسىنى كۆرۈپ، مودېلنى رەسسامنىڭ خوتۇنىنىڭ ئاتقانلىقىنى شۇ هامان هۆكۈم قىلدى.

جېنايى ئىشلار ساقچىسى نېمىنى كۆرۈپ، شۇنداق كەسكىن جەزملەشتۈردى؟

جاۋابى:

[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# 39

## ئوتنى كىم ياققان

بىر كۈنى كەچتە، ۋويەن سەنلاڭ ئاچىسىنىڭ «جىددىي ئىش چىقىپ قالدى، ئۆيگە بىر كەلسىڭىز» دېگەن مەزمۇندىكى تېلېفونىنى تاپشۇرۇپ ئالدى.

ئۇنىڭ ئاچىسى ئاۋارىچىلىققا يولۇققانىدى. ئۇنىڭ دوستى چۈەنچى ۋېنزى بۈگۈن ئاخشام بىر ئىش بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالغانىدى، لېكىن ئۇ ئۇخلاشتىن بۇرۇن يۇيۇنۇۋېتىپ، تۇيۇقسىز يۈرەك كېسەللى قوزغىلىپ، ۋاننىدا ئۆلۈپ قالدى. ۋويەن سەنلاڭنىڭ ئاچىسى بۇ ئىشنى ساقچىغا مەلۇم قىلسا، ساقچىلارنىڭ ئۆزىدىن گۇمانلىنىشىدىن قورقۇپ، ئىنىسىنى چاقىرتىپ، چۈەنچى ۋېنزىنى ئۆزىنىڭ داچىسىدىكى ۋاننىغا ئاپىرىپ قويۇپ، كىشىلەرگە شۇ يەردە ئۆلگەندەك قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولدى. ئۇلار چۈەنچى ۋېنزىنىڭ ئۆيىگە بارغاندا سائەت تۆت يېرىم ئەتراپىدا بولۇپ، ئەتراپ تېخى قاراڭغۇ ئىدى، ئۆي ئورمانلىقنىڭ ئىچىدىكى يالغۇز - يېگانە ئۆي ئىدى. شۇڭا، ئۇلار ماشىنىنى ماشىنا قويۇش ئۆيىگە يوشۇرۇپ قويۇپ، جەسەتنى ئۆيگە ئېلىپ كىرگىچە ھېچكىم كۆرمىدى. ئۇلار جەسەتنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، ئادەتتە كىيىدىغان كىيىملىرىنى كىيدۈرۈپ، ئۇنى كۈتۈپخانىدىكى شىرەنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى، ئۇلارنىڭچە بۇنى باشقىلار كۆرسە، كىتاب كۆرۈۋېتىپ يۈرەك كېسەللى قوزغىلىپ ئۆلۈپ قاپتۇ دەپ قالاتتى.

«ئۇ ئۇلۇشكۇنى ئەتىگەندە ئۆلگەن، شۇڭا ئۆيدىكى چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىش كېرەك.» ئاچىسى تەپسىلاتلارنى ئويلاپ يەتكەندى.
«گاز ئوچاقنى قانداق قىلىمىز؟ ئوت يېقىپ قويامدۇق؟»
سەنلاڭ ئۆيدىكى گاز ئوچاقنى كۆرۈپ، ئاچىسىدىن سورىدى.
«توغرا، ئۇ سوغۇقتىن قورقاتتى، بۇ يەردە پارمۇ يوق ئىكەن، شۇڭا ئوت يېقىپ قويساق بولغۇدەك.» سەنلاڭ ئوت ياقتى.
ئىككىيلەن ئۆينىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرۈۋېتىپ، دېرىزە پەردىسىنى ئوچۇق قويۇپ، ئاندىن غىپپىدە تىكىۋەتتى. ئۇلار ئىشنى ناھايىتى پۇختا قىلدى، ھېچقانداق بارماق ئىزىمۇ قالدۇرمىدى. شۇنىڭ بىلەن جەسەتنى يۆتكەپ كەلگەنگە ئائىت ھېچقانداق ئىسپاتمۇ قالمىدى.
شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچ ئەتراپىدا، چوەنچى ۋېنزىنىڭ جەستى داچىغا قارايدىغان كىشى تەرىپىدىن بايقالدى، ئۇ دەرھال ساقچىغا مەلۇم قىلدى. قانۇن دوختۇرى تەكشۈرۈپ: «يۈرەك كېسىلى بىلەن تەبىئىي ئۆلگەن» دېدى.
نەق مەيداننى تەكشۈرۈۋاتقان گوڭيۇەن جىڭبۇ «قاچان ئۆلۈپتۇ؟» دەپ سورىدى.
«تەپسىلىي ئەھۋالىنى جەسەتنى ئوپېراتسىيە قىلسا بىلگىلى بولىدۇ، لېكىن تەخمىنەن تېخى ئىككى كۈن بولمىغان» دېدى قانۇن دوختۇرى.
گوڭيۇەن جىڭبۇ گاز ئوچاقتا كۆيۈۋاتقان ئوتقا قاراپ: «ئۇنداق بولسا، ئۆلگۈچى يۈرەك كېسىلى بىلەن تەبىئىي ئۆلۈپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆيدە ئۆلمىگەن، باشقا جايدا ئۆلگەن، بۇ ئېھتىمال بىرەرسىگە ئاۋارىچىلىق ئېلىپ كېلىدىغان ئىش بولسا، ئۇلار جەسەتنى بۇ يەرگە يۆتكەپ، يالغاندىن ئۆز ئۆيىدە ئۆلگەن قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولغان، ئۇنداق بولمىسا، جەسەتنىڭ ئوت قالىيالايدىغانلىقىغا ئىشىنىشكە توغرا كېلىدۇ» دېدى. گوڭيۇەن جىڭبۇ دەرھال ئىشنىڭ تېگىگە يەتتى.

## بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى ـ 1

جاۋابى:

گوگيۇەن جىگبۇ ئوچاقتا كۆيۈۋاتقان ئوتقا قاراپ بۇ ئىشتىن گۇمانلانغان. ئەگەر جۇەنجى ۋېنتىرى ئۆز ئۆيىدە ئۆلگەن بولسا، كېيىنكى 45 ـ 46 سائەتتە ئوچاقنىڭ گارى تۈگەپ ئوت ئۆچۈپ قالاتتى. لېكىن سىنلاق ئاچىسى بىلەن جەستنى يۆتكەپ كېلىپ ئوچاققا ئوت يېقىپ قويغان چاغ شۇ كۈنى سەھەر سائەت تۆت يېرىم بولغان ۋاقىت ئىدى، بۇنىڭدىن جەست بايقالغىچە بولغان ۋاقىت 10 سائەتكىمۇ يەتمەيدۇ، شۇڭا ئوچاقتىكى ئوت ئۆچۈپ قالمىغان.

# 40

## ساختا نەق مەيدان

پۇتبول ئوبزورچىسىنىڭ جەسىتى ئۇنىڭ كۇتۇپخانىسىدىن تېپىلدى، ئۇنىڭ كۆكرىكىگە ئىككى پاي ئوق تەگكەن ئىدى. جەسەتنى ئۇنىڭ ئۆي خىزمەتچىسى ئەتىگەندە بايقىغان.

نەق مەيداندىكى ماددىي پاكىت بىر ئۇنئالغۇ بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەيۋەت كوماندىسى بىلەن بەنشېن كوماندىسىنىڭ تۇنۇگۇنكى ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ئېلىنغانىدى.

بېكىتكۇچىلەر ئۇنىڭدىن چىقىۋاتقان مۇسابىقە ئەھۋالىنى ئاڭلاۋاتاتتى. مۇسابىقە باشلىنىپ 20 مىنۇتتىن كېيىن، ھەيۋەت كوماندىسىنىڭ ئالدى ھۇجۇمچىسى تەتۈر تېپىپ بىر توپ كىرگۈزۈپ، نەتىجە تەڭلىشىپ قالدى، گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۇنئالغۇ لېنتىسىدىن ئىككى پاي ئوق ئېتىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى، يەنە ئىڭرىغان ئاۋازىمۇ بارئىدى. لېكىن نەق مەيداندىن ئاڭلىتىش بۇ ماسلاشمىغان ئاۋازنىڭ ھېچقانداق تەسىرىگە ئۇچرىماستىن داۋاملىشىۋاتاتتى.

شەنتيەن جىڭسۇ نەق مەيدانغا يېتىپ كەلگەندە، تەكشۈرگۈچىلەر نەق مەيداننى تەكشۈرۈشنى ئاخىرلاشتۇرغانىدى.

«گۇ... گۇ... گۇ...» قىلغان ئاۋاز بۇ يەردە تۇرغانلارنى چۆچۈتۈۋەتتى، ئەسلىدە تام سائىتى ۋاقىت مەلۇم قىلىۋاتاتتى، كەپتەر دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ مەلۇم قىلغان ۋاقىت، سائەت 10 ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



«ئۆلگەن ۋاقتىنى ئۇقتۇڭلارمۇ؟»

«تۇنۇگۈن كەچ سائەت 9 دىن 3 مىنۇت ئۆتكەندە ئۆلۈپتۇ.»

تەكشۈرگۈچىلەر ئۇنىئالغۇنى ئېچىپ شەنتيەنگە ئاڭلاتتى ئاندىن: «بۇ گەپنى بەنشېن كوماندىسىنىڭ بىكى، ھەل قىلغۇچ بىر توپ كىرگۈزگەن چاغدا، دىكتور دېگەن. باياتىن رادىيو ئىستانسىغا تېلېفون بېرىپ سورىدۇق، بەنشېن كوماندىسىنىڭ بىكى توپ كىرگۈزگەن ۋاقىت دەل تۇنۇگۈن كەچ سائەت 9 دىن 3 مىنۇت ئۆتكەن چاغ ئىكەن» دېدى.

«ئەتراپتىكى ئادەملەر مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلىماپتىمۇ؟»

«ياق، بۇ كۇتۇپخانىنىڭ دېرىزىسىگە قوش قات ئەينەك سېلىنغان ئىكەن، شۇڭا مىلتىق ئاۋازى سىرتقا ئاڭلانمىغان چىغى.»

شەنتيەن تەكشۈرگۈچىلەر بىلەن پاراڭلىشىۋېتىپ، قول سائىتىگە قاراپ تۇرۇپ ئۇنىئالغۇنى يەنە بىر قېتىم ئاڭلىدى.

«توغرا...»

«تېلېۋىزورنىڭ مۇسابىقىنى كۆرسىتىدىغان ۋاقتى سائەت 8 دىن 4 مىنۇت ئۆتكەندە ئاخىرلىشىدۇ، شۇڭا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى شۇنىڭدىن كېيىن دەرھال ئۇنىئالغۇنى ئاچقان، قاتىل دەل مۇشۇ ۋاقىتتا قول سالغان.» تەكشۈرگۈچى شۇنداق چۈشەندۈردى.

«ياق» دېدى شەنبىن جىددىي قەتئىي قىلىپ «ئۆلگۈچى بۇ كۇتۇپخانىدا ئەمەس، بەلكى باشقا جايدا ئۆلتۈرۈلگەن.»

«نېمە دېدىڭىز؟ نېمە ئۈچۈن؟»

«ئۆلگۈچى باشقا جايدا ئۇنىئالغۇغا ئېلىۋاتقاندا، ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن، قاتىل جەسەت بىلەن ئۇنىئالغۇنىمۇ قوشۇپ، بۇ كۇتۇپخانىغا ئەكىرىپ، مۇشۇ يەردە ئۆلتۈرۈلگەن ساختا نەق مەيدان ياساپ قويغان.

«شەنتيەن ئەپەندى، مەن بۇ ئۇنىئالغۇ لېنتىسىنى ئىككى قېتىم ئاڭلىدىم، لېكىن سىز دېگەندەك ئىسپات بۇنىڭ ئىچىدە يوققۇ.»

«سىز يەنە بىر قېتىم ئەستايىدىل ئاڭلاپ بېقىڭ، ئۈنئالغۇدا بىرخىل ئاۋاز يوق، شۇڭا كۇتۇپخانا ھەرگىزمۇ ئادەم ئۆلتۈرگەن نەق مەيدان ئەمەس.» شەنتىيەن جىڭبو ئۈنئالغۇنى ئېچىپ، مۇسابىقىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى يەنە بىر قېتىم ئاڭلاتتى.

جاۋابى:



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# 41

## زەھەرلىك يىڭنە بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلوسى

تاڭ سەھەردە يۇلتۇز كۆزىتىش مۇنارىسىنىڭ سۇپىسىدىن ئاسپىرانت ساتتارنىڭ جەسىتى تېپىلدى. ئۇنىڭ ئوڭ كۆزىدە تەخمىنەن ئۈچ سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئىنچىكە زەھەرلىك يىڭنە بار ئىدى.

يۇلتۇز كۆزىتىش مۇنارىنىڭ دەرۋازىسى قۇلۇپلاقلىق بولۇپ، قۇلۇپ بۇزۇلمىغانىدى، ساتتار دەرۋازا قۇلۇپلانغاندىن كېيىن مۇنار سۇپىسىغا چىققان، شۇڭا قاتىل دەرۋازىدىن كىرمىگەن. بۇ سۇپا يەردىن 26 مېتىر ئېگىز بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدا كەڭلىكى 50 مېتىر كېلىدىغان بىر دەريا بار ئىدى. تۈنۈگۈن كەچتە شامال چىققان بولۇپ، قاتىل قارشى قىرغاقتىن ياچاق ياكى باشقا نەرسە بىلەن زەھەرلىك يىڭنىنى ئاتقان تەقدىردىمۇ، ساتتارنىڭ ئوڭ كۆزىگە ئۇنداق دەل تەگكۈزەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ساقچىلار كەلگەندىن كېيىن ئىككى خىل ئەھۋالنى ئىگىلىدى: بىرى، بۇ يىل يازدا، ئۇنىڭ دادىسى كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن، ساتتار ئۆزىگە تېگىشلىك مىراسنى پەنلەر ئاكادېمىيەسىگە ئىئانە قىلماقچى بولغان. لېكىن ئۇنىڭ ئىنىسى بۇ ئىشنى ئەخمەقلىق دەپ قارىغان ھەمدە ساتتارغا ئەگەر بۇ ھاماقەتلىكىڭنى توختاتمىساڭ، سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىپ، ۋارىسلىق ھوقۇقۇڭنى بىكار قىلغۇزۇۋېتىمەن دەپ تەھدىت سالغان.

يەنە بىر خىل ئەھۋال: ئالدىنقى كۈنى ئۇنىڭ ئىنىسى بىر خالتا ئېۋەتكەن. لېكىن ساقچىلار ئۇنىڭ نەرسە قاچىلاپ ئەۋەتىلگەن خالتىسىنى تاپالمىغان، تازىلىق ئىشچىسىدىن سورىۋىدى، تازىلىق ئىشچىسى ساتتارنىڭ ئۆيىنى تازىلىغاندا ئۇ خالتىنى ئۇچراتمىغانلىقىنى ئېيتتى.

رازۋېدكىچىلار باشلىقى ئاباس ئۇ دەريانى كۆرگەندىن كېيىن، قاتىلنى تاپتىم دېدى، قاتىلنى تۇتۇشتىن بۇرۇن ئالدى بىلەن دەريادىن قاتىللىق قورالىنى سۈزۈپ ئېلىش كېرەك.

قاتىل كىم؟ رازۋېدكىچىلار باشلىقى ئاباس نېمىگە ئاساسەن مۇنداق ھۆكۈم قىلىدۇ؟

جاۋابى:

دەريادىن ئۇزۇنلۇقى ئاران 14 سانتىمېتىر كېلىدىغان بىر دانە دۇربۇن تېپىلدى. ئاباس: ساتتارنىڭ ئىنىسى زەھەرلىك يىڭنىنى دۇربۇن ئىچىدىكى كاناييغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان، ساتتار دۇربۇننى كۆزىنىڭ ئۇدۇلىغا توغرىلاپ، كۆرۈش ئارىلىقىنى تەڭشىگەندە، دۇربۇن ئىچىگە يوشۇرۇپ قويۇلغان يىڭنە پۇرژىنىنىڭ تەسىرى بىلەن ئېتىلىپ چىقىپ ئۇنىڭ كۆزىگە سانجىلغان، ساتتار ساراسىمە ئىچىدە قولىدىكى دۇربۇننى تاشلىۋەتكەن، دۇربۇن سۇيا ئاستىدىكى دەرياغا چۈشۈپ كەتكەن، دەپ ھۆكۈم قىلدى.

## 42

## بولقا بىلەن ئالماس

ئوغرىلىق بىلەن مىليونېر بولغان سوۋىبىن سىلاك جەنۇبىي ئافرىقىلىق بىر سودىگەرنىڭ قىممەتلىك بىر تال ئالماسنى ئېلىپ توكيوغا كېلىپ مەلۇم بىر مېھمانخانىغا چۈشكەنلىكىنى ئاڭلاپ، سودىگەر كەچلىك تاماق يەيدىغان چاغدا، غىپپىدە ئۇنىڭ ياتىقىغا كىردى.

ئۇ سودىگەرنىڭ ياتىقىنى بىرھازا ئاختۇرۇپمۇ ھېلىقى چوڭ ئالماسنى تاپالمىدى، پەقەت بىرنەچچە تال كىچىك ئالماس تاپتى، سوۋىبىن سىلاك چوڭ ئالماس ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتقاندا سودىگەر كىرىپ قالدى، ئوغرى باشتا سەل ھودۇقتى، لېكىن دەرھال خەنجىرىنى چىقىرىپ سودىگەرنىڭ گېلىغا تىرەپ تۇرۇپ، ئىشىكنى يېپىۋالدى.

«جانابلىرى كىم بولىلا؟ نېمە ئىش قىلماقچى؟» دېدى سودىگەر.

«مەن ئوغرى، مەن سېنىڭ ئالمىسىڭنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم، شۇڭا كۆرۈپ باقاي دەپ كەلگەن.»

«ئەپسۇس، تەلەيلىرى يوق ئىكەن، مەن ئۇنى ئاللىبۇرۇن سېتىۋەتتىم.»

«كىمىڭنى ئالدايسەن، مەن يول بويى ساڭا ئەگىشىپ كېلىۋاتىمەن، سەن ئايروپىلاندىن چۈشۈپلا مۇشۇ يەرگە كەلدىڭ، تاماق يېگىلى چىققاندىن باشقا، سەن تېخى توكيونىڭ ھېچقانداق يېرىگە



بېرىپ باقمىدىڭ، ياۋاشراق بولۇپ، ئالماسنى تېز چىقار، بولمىسا خەنجىرىم ئادەم تو-نۇمايدۇ.» سوقىبىن پىچاقنى شۇنداق مىدىرلىتىۋىدى سو-دىگەرنىڭ كېلىدىن قان چىقتى.

سودىگەر ھەرگىز قور-قۇپ قالمىدى، ئۇ: «مېنى ئۆلتۈرۈۋەتسەڭمۇ ئالماسنى ساڭا بەرمەيمەن...» دېدى.

«ئەمىسە مەن بۇ ئال-ماسلارنى ئۇرۇپ ئېزىۋېتى-مەن.» سوقىبىن شۇنداق دەپ، ئوغرىلىق قىلغاندا ئىشلىتىدىغان كىچىك بول-قىسىنى چىقاردى.

«ھا — ھا — ھا، دۇن-يادا سەندەكمۇ دۆت ئادەم بو-لىدىكەن، ئالماس دېگەن دۇنيا بويىچە ئەڭ قاتتىق نەرسە، سېنىڭ ئاشۇ كىچىككىنە بولقاڭ بىلەن ئېزىۋېتەلەمسەن؟ ئەگەر سەن بۇ ئالماسلارنى ئۇرۇپ ئېزىۋېتەلىسەڭ، مەن ھېلىقى ئالماسنى ساڭا بېرىۋېتىمەن، ئەگەر ئېزىۋېتەلمىسەڭ، سەن بۇ يەردىن ياۋاشلىق بىلەن چىقىپ كەت» دېدى. سودىگەر كىدىيىپ تۇرۇپ.

«بولىدۇ، كېيىمىز گەپ. كۆزۈڭنى يوغان ئېچىپ قاراپ تۇر.» سوقىبىن شۇنداق دەپ، بولقا بىلەن كۈچەپ بىر ئۇرىۋىدى، ئال-ماسلار ئۇۋۇلۇپ تېرىقتەك بولۇپ كەتتى.

«بۇ قانداق بولغىنى؟»

www.uyghurkitap.com



## بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى - 1

جاۋابى:

تۆمۈر ئالماستىن يۇمشاق بولسىمۇ، لېكىن ئالماس ئىسسىقتىن، سوقۇلۇشتىن قورقىدۇ، شۇڭا بولقا ئالماسنى ئۇرۇپ ئېزىۋېتەلەيدۇ. بۇ خۇددى رېزىنكە توپىنى كۈچەپ ئاتقاندىن كېيىن ئۆزىدىن قاتتىق بولغان ئەينەكنى چېقىۋېتەلىگەنلىكىگە ئوخشايدۇ.

# 43

## ئاچالدىكى قان ئىزى

باشقا ئۆلكىدىن زەھەر ئەتكەسچىسىنىڭ ئىزىنى قوغلاپ كەل-گەن رازۋېدكىچىلار باشلىقى ئەنۋەن ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىسى بەيدا يەرلىك ساقچىلارنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى ئارقىلىق، ئورمانلىق تاشيولى بۆلىكىدىن بىر ئەتكەس مال ئاپتوموبىلىنى توسۇۋالدى. ئىككى تەرەپ قاتتىق ئېتىشتى. تۆت سائەت جىددىي ئېلىشىشتىن كېيىن، ئەتكەسچىلىك گۇرۇھىنىڭ تۆت ئادىمى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى، بەشى قولغا چۈشتى. بىرى يارىلىنىپ قې-چىپ كەتتى.

رازۋېدكىچىلار باشلىقى ئەنۋەن دەرھال ياردەمچىلىرىنى باشلاپ ئورمانلىققا كىرىپ قوغلاپ تۇتماقچى بولدى.

ئۇلار ئورمانلىققا كىرگەندىن كېيىن، ئىككىيلەن قان ئىزى-نى بويلاپ ئاختۇردى. تۇيۇقسىز، يېقىنلا يەردىن مىلتىق ئاۋازى ۋە ھايۋانلارنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ساقچىلار ئاۋازنى ئاڭلاپ بېرىپ، ئۆلگەن بىرنەچچە ئارقارنىڭ يول ئاچىلىدا ياتقا-نلىقىنى بايقىدى.

ئاچالدىكى قان ئىزى بىر رەت ئەمەس ئىككى رەت بولۇپ قال-غانىدى، روشەنكى بۇنىڭ بىرى جىنايەتچىنىڭ، يەنە بىرى ھايۋا-نىڭ قېنى بولۇپ، ئىككىسى ئىككى تەرەپكە كەتكەنىدى.

قانداق قىلىش كېرەك؟ قايسىسى جىنايەتچىنىڭ قېنىدۇ؟ يار-دەمچى قان ئىزىغا قاراپ، سەل گاڭگىراپ قالدى. لېكىن رازۋېد-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى - 1

كىچىلار باشلىقى ئەنرەن ئاددىي ئۇسۇل بىلەن جىنايەتچىنىڭ قې-
نىنى پەرق ئەتتى ۋە جىنايەتچىنى قولغا چۈشۈردى.

رازۋېدكىچىلار باشلىقى قانداق قىلىپ جىنايەتچىنىڭ قېنىنى
پەرق ئېتەلىدى؟

جاۋابى:

ئادەمنىڭ قېنى تەركىبىدىكى تۇز مىقدارى ھايۋانلارنىڭ-
كىدىن كۆپ بولىدۇ، ئەنرەن ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر تىلى بىلەن
ئىككى رەت قان ئىزىنى يالاپ كۆرۈپ، جىنايەتچىنىڭ قان
ئىزىنى پەرق ئەتكەن.

# 44

## ئېھتىياتچان ھېنرى

مەلۇم بىر كۈنى چوڭ ئوغرى ساۋشاڭفېي رازۋېدكىچى ھېنرىنىڭ ئۆيىگە كىردى. ئوغرى ھېنرىنىڭ تېلېفونىغا مەخپىي تىڭشۇغۇچ ئورنىتىپ قويماقچى ئىدى.

ئوغرى ئاۋال ياتاق ئۆيىگە كىردى. بۇ ئۆينىڭ دېرىزىسى يوق بولۇپ، چىراغنى ياندۇرسىمۇ ھېچ ئىش بولمايتتى. ئوغرى تېلېفونغا مەخپىي تىڭشىغۇچ ئورنىتىۋاتقاندا، دەرۋازا سىرتىدىن ئاچقۇچ شاراقشىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. رازۋېدكىچى قايتىپ كەلگەنىدى. ئوغرى دەرھال چىراغنى ئۆچۈرۈپ، كارىۋاتنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇۋالدى.

ياتاق ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، ھېنرى ئۆيگە كىردى. ئۇ چىراغنى ياقماي، قاراڭغۇدا بىردەم تۇردى. «كىم، كىم دەيمەن؟ تېز چىق.» ئۇ شۇنداق ۋارقىراپ، چىراغنى ياقتى.

«تېنچلىقمۇ؟ مەن.» ساۋشاڭفېي ھېچ ئىش بولمىغاندەك كارىۋاتنىڭ ئارقىسىدىن چىقتى.

«سەن؟ سەن بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسەن؟»

«ھېچ، ھېچ ئىش يوق، مەن سىزنى ساقلاپ تۇرغان. ئىككىمىز پاراڭلىشىپ باقايلىمىكىن دېگەنىدىم.»

«قۇرۇق گەپ، سەن باشقىلارنىڭ ئۆيىگە قانۇنسىز كىرىپ نېمە ئىش قىلماقچىدىڭ؟»

«مەن ھېچ نېمىڭىزنى ئالمىدىم، لېكىن سىز مېنىڭ بۇ يەردە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىكەنلىكىمنى قانداق بىلدىڭىز؟»

«ئۇ ماڭا دەپ بەردى» دېدى ھېنرى كارىۋات شىرمىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ. ئۇ يەردە تېلېفون، ئۈستەل چىرىغى ۋە بىر قوڭغۇراقلىق سائەت قويۇقلۇق ئىدى.

**جاۋابى:**

رازۋېدچىك ھېنرىنىڭ قوڭغۇراقلىق سائىتى فوسفورلۇق ئىدى. ساۋشاگفېي ئۈستەل چىرىقىنى ياندۇرغاندا، سائەت نۇرىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىۋالغان بولۇپ، ھېنرى قايتىپ كەلگەندە سائەت يارقىراپ نۇر چىقىرىپ تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن ھېنرى ئۆيگە ئادەم كىرگەنلىكىنى بىلىۋالغان.

# 45

## قىيادىن سەكرىگەن كۆزەينەك

ساقچى تەرەپ مەشھۇر سەيلىگاھ شىنخەيزى يېنىدىكى قىيا ئاستىدا بىر ئەرنىڭ جەسىتى بايقالغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات تاپشۇرۇپ ئالدى.

رازۋېدكىچىلار باشلىقى چياۋبىن بىر نەچچە ماھىر ياردەمچىسىنى ئەگەشتۈرۈپ نەق مەيدانغا يېتىپ كەلدى. جەسەت قىيا ئاستىدىكى تاش ئۈستىدە دۈم ياتاتتى، قىيا ئون نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتە بولۇپ، قىيا ئۈستىدە ئۆلگۈچىنىڭ بىر پاي ئايىغى تۇراتتى. جەسەت قانغا بويالغان ھالدا دۈم ياتاتتى، ئۇچىسىدا پەلتو بولۇپ، بىر پۇتى يالاڭ ئاياق، كۆزەينىكى بۇرنىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ قالغانىدى.

خەۋەرنى ئاڭلاپ يېتىپ كەلگەن ئۆلگۈچىنىڭ تۇغقانلىرى ئۆلگۈچى يېقىندا سودىدا مەغلۇپ بولغان، لېكىن ئۇ قەيسەر ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇنداق مەغلۇبىيەت بىرىنچى قېتىم ئەمەس ئىدى، بۇ ئادەمنىڭ خاراكتېرىدىن ھەرگىز مۇنداق يولنى تاللىمايدۇ، دېيىشتى.

ياردەمچىلەر يەر شارائىتى، نەق مەيداننى تەكشۈرگەندىن كېيىن، بىردەك ئۆلۈۋالغان دەپ يەكۈن چىقاردى.

چياۋبىن ئۇنداق قارىمايتتى، لېكىن ئۇمۇ دەماللىققا ئىشەنچلىك ئىسپات تاپالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جەسەت ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىتنى تەپسىلىي كۆزەتكەندىن كېيىن، تۇيۇقسىز:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى - 1

«توختاڭلار، ئۇنىڭغا چېقىلماڭلار، بۇ قەستلەپ ئۆلتۈرۈش دېلو-سى! جەسەتنى باشقىلار مۇشۇ يەرگە ئەكىلىپ ئاندىن ئۆزىنى تاش-لىۋالغان ساختا نەق مەيدان ياساپ قويغان!» دېدى.

ياردەمچىلەر ۋە ئەتراپتىكىلەر نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭ-قىرالماي غۇلغۇلا قىلىشماقتا ئىدى. رازۋېدكىچىلار باشلىقى زادى نېمىنى بايقىغاندۇ؟ ئۇ زادى نېمىگە ئاساسەن مۇشۇنداق كەسكىن ھۆكۈم قىلىدىغاندۇ؟

جاۋابى:



# 46

## بوٚلاگچى

ئەمدىلا ساقچى مەكتىپىنى پۈتكۈرگەن داۋىي بەكلا ئازارلىق ھېس قىلدى. چۈنكى ئۇ چارلاش ساقچىلىقىنى ياخشى كۆرمەيتتى، ئۇنىڭ ھەقىقىي يوشۇندا جىنايەتچىلەر بىلەن ئېلىشىدىغان جىنايى ئىشلار ساقچىسى بولغۇسى بارئىدى.

ئۇ شۇنداق ئويلاپ ئولتۇرغاندا يىراقتىن بىرسىنىڭ: «ئادەم بارمۇ، ئوغرىنى تۇتۇڭلار!» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. داۋىي ئاڭلاپ نەق مەيدانغا ئوقتەك يۈگۈرۈپ بېرىپ، بىرەر يۈز مېتىر قوغلىغاندىن كېيىن، يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلارنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن قاچقان ھېلىقى ئەبلەخنى تۇتۇۋالدى.

ئۇ ھېلىقى ئادەمنىڭ قول سائىتىنى بۇلاپ قاچقانىدى. لېكىن تۇتۇلغان بوٚلاگچى سائەتنى ئۆزۈمنىڭ دەپ تۇرۇۋالدى، ھەتتا سائەتنىڭ ئارقىسىدىكى نومۇردىن تارتىپ يادلاپ بەردى. بۇ ئىش داۋىينى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

غۇلغۇلا ئۈستىگە يېتىپ كەلگەن رازۋېدكىچىلار باشلىقى، ئىككىيلەننىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاددىي بىر ھەردەكەت بىلەنلا ئىككىسىنىڭ بىرىنىڭ يول توسۇپ بوٚلاگچىلىق قىلغانلىقىغا ھۆكۈم قىلدى.

جاۋابى:





### غۇرۇرلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى يازغۇچىلىرى ئىشلەتمەيدىغان ۋاستىلەر

a. نەق مەيداندا قالدۇرۇلغان تاماكا قالدۇقىغا قاراپ، ئوخشاش تاماكا چېكىدىغانلارنى قاتىل دەپ ھۆكۈم قىلىش.

b. گۇمانىدارنى ئىقرار قىلىشقا مەجبۇرلاش.

c. نەق مەيداندا يالغان بارماق ئىزى قالدۇرۇش.

d. باشقىلار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ نەق مەيداندا يوقلۇقى ھەققىدە ئىسپات قالدۇرۇش.

e. نەق مەيداندىكى ئىتنىڭ قاۋىمىغانلىقىغا قاراپ، قاتىل بىلەن ئۆلگۈچى تونۇش دەپ ھۆكۈم قىلىش.

f. سىر يېشىلگەندە، ئوقۇرمەنلەرگە قوشكېزەكلەرنىڭ بىرى قاتىل دەپ ئۇقتۇرۇش

g. ئوكۇل يىڭنىسى ياكى دەرھال ئۆلتۈرىدىغان زەھەر ئىشلىتىش.

h. ساقچى ئەمەلدارى يېتىپ بارغاندىن كېيىن پەيدا بولىدىغان مەخپىيخانا.

i. سوراقتىكى ئىنكاس تەجرىبىسىگە تايىنىپ قاتىللىقنى بېكىتىش.

j. ۋەقە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، رازۋېدكىچى مەخپىي بەلگە ئارقىلىق قاتىلنى تېپىش.

# 47

## تېلېگراما يېشىش

5 ـ چوڭ يول ساقچى مەھكىمىسى بىر تېلېگراممىنى تۇتۇپ
قالدى، ئۇنىڭغا: «جاۋ: مال ئوغۇشلۇق يولغا سېلىندى، ۋوگزالدىن
ئېلىۋېلىڭ» دەپ يېزىلغانىدى.

ئەتراپلىق تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ساقچىلار بۇ ئۆتكەن قې-
تىم سودىسى ئوغۇشلۇق بولمىغان قورال ـ ياراق ئەتكەسچىلىرى-
نىڭ مەخپىي سودا تېلېگراممىسى بولۇشى مۇمكىن دەپ قاراپ،
بۇ ئەتكەسچىلەرنى بىر يولىلا قولغا چۈشۈرمەكچى بولدى.

لېكىن تېلېگراممىدا مال ئېلىش ئادرېسىلا بولۇپ، كونكرېت
ۋاقىت يېزىلمىغان ئىدى، شۇڭا ساقچىلار نەدىن قول سېلىشنى
بىلمەي قالدى. ساقچىلارغا نىسبەتەن بىرلىرىنىڭ ئۇ يەردە قانۇن-
سىز ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇقلۇق، نەدە شۇنداق قىلى-
دىغانلىقىنى بىلمەسلىك، ھەقىقەتەن ئادەمنى بىئارام قىلىدىغان
ئىش ئىدى.

بەزىلەر پۈتۈن شەھەردىكى قورال ـ ياراق ئەتكەسچىلىكى بو-
لۇشى مۇمكىنچىلىكى بولغان جايلارنى مەخپىي كۆزىتىش ھەققى-
دە تەكلىپ بەردى، بۇ چارە ئىنتايىن ئاددىي ھەم ئەخمىقانە چارە
بولسىمۇ، ۋاقىتىنچە بۇنىڭدىن ياخشىراق ئامالمۇ يوق ئىدى.

ئىزچىل گەپ قىلماي ئولتۇرغان رازۋېدكىچىلار باشلىقى ئې-
غىز ئېچىپ مۇنداق دېدى: «بۇ تېلېگراما سودا قىلىدىغان ۋاقىت-
نى ئاللىبۇرۇن ئاشكارىلىغان.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## ىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى = 1

رازۋېدكىچى باشلىقىنىڭ ھۆكۈمىگە ئاساسەن، ئالدىنقى قې-تىملىق قورال - ياراق ئەتكەسچىلىكىدە قېچىپ كەتكەن جىنا-يەتچىلەر گۇرۇھىنىڭ قالدۇق ئەزالىرى قولغا چۈشۈرۈلدى.

سىز بۇ تېلېگراممىنى يېشىپ بېرەلەمسىز؟

**جاۋابى:**

خەنزۇچە خەت 朝 بىرەرسىنىڭ ئىسمى ئەمەس، بەلكى ۋاقىتنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ قەدىمكى زامان خەنزۇ تىلىدا كۆپ ئۇچرايدىغان ئەھۋال. ئەگەر 朝 خېتىنى پارچىلىسا «10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى» دېگەن بولىدۇ. شۇڭا رازۋېدكىچىلار باشلىقى مال ئېلىش ۋاقتى «10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئە-تىگەندە» دەپ ھۆكۈم قىلغان. ئاندىن «朝» دېگەن خەتنىڭ «ئەتىگەن، تاڭ سەھەر» دېگەن مەنىسىمۇ بار.

# 48

## سىز ئۇنى تونۇيسىز ، يەنە...

گىرىن بانكىسى بولاندى، قولغا چۈشكەن جىنايەتچى كار. ماشۇسنى سوراق قىلىش ئارقىلىق، ساقچى باشلىقى برانت پولنىڭ ئەنگىرىكا ئىسىملىك بىر ئايالنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇۋالغانلىقىنى ئۇقتى. شۇنىڭ بىلەن ساقچىلار دەرھال ئۇ ئايالنىڭ ئۆيىگە باردى.

ساقچىلار ئىشىك قوڭغۇرىقىنى بىر ھازا باسقاندىن كېيىن ئىشىك ئاندىن ئېچىلدى. ئىشىكنى ئاچقان كىشى دەل ساقچىلار ئىزدىگەن ئايال ئىدى. ئۇ ئايال ئىككى ئادەمنىڭ ئۆيىگە كىرىشىگە قوشۇلدى: «ئىككىڭلارنىڭ مەندە نېمە ئىشىڭلار بار؟» دېدى ئۇ ئايال.

«خانىم سىز كار دېگەن ئادەمنى تونۇمسىز؟»

«كار؟ مەن ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان»

«بىز ھېلىلا ساقچى ئىدارىسىدىن كەلدۇق، ئۇ سىزنى تونۇيدىكەن.»

ئەنگىرىكا سالماقلىق بىلەن تاماكىسىنى بىر شورىۋېتىپ: «بۇ دۆلەتتە كار ئىسىملىك ئادەملەر ناھايىتى كۆپ، ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەممىسى مېنى تونۇيمەن دېسە، سىلەر كېلىپ مېنى ئاۋارە قىلامسىلەر، ئاھ، تەڭرىم. مەن سىلەرنى دېرىزىدىن تاشلىۋەتكىم كېلىۋاتىدۇ!»

«كار بانكىدىن 190 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بۇلىغان. ساق-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



## بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى = 1

چىلارنىڭ ئىنكاسى تېز بولغاچقا 24 سائەتتىن كېيىن ئۇ تۇتۇلدى. بىز ئۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن سۆزلەشتۇق، ئۇ ھەممىنى تاپشۇردى» دېدى بولانت ھېلىقى ئايالنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

«مەن كارنى تونۇمايمەن، بانكا بۇلاشقىمۇ قىزىقمايمەن. مەن ئاخىرىدا يەنە بىر دەپ قوياي، مەن كار ماشۇس دېگەننى ئەسلا تونۇمايمەن!»

«سىلەر راستتىنلا تونۇشمامسىلەر؟»

«توغرا، تونۇشمايمىز!»

بولانت يانچۇقىدىن بىر ۋاراق قەغەزنى چىقىرىپ: «ھەمكارلاشقانلىقىڭىزغا رەھمەت، سىز ناھايىتى سەممىي ئىكەنسىز، قولغا ئېلىش بۇيرۇقىغا ئىمزا قويۇڭ» دېدى، ئاچچىق بىلەن.

ساقچى مۇنداق جەزىملەشتۇرۇپ قولغا ئالغۇدەك، ئەنگىرىكا زادى نەدە كەتكۈزۈپ قويدى؟

**جاۋابى:**

ئۇ ئايال قايتا - قايتا كارنى تونۇمايمەن دېگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تولۇق ئىسمىنىڭ «كار ماشۇس» ئىكەنلىكىنى بىلىدىكەن، روشەنكى، بۇ ئايال كارنى تونۇيلا قالماي، يەنە....

# 49

## بايلىق يوشۇرۇلغان جاي

بىر سودا پاراخوتى بىپايان ھىندى ئوكياندا كېتىپ باراتتى. كارىستان ۋات دۇربۇن بىلەن كۆزەتمەكتە، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا بۇ جاي قاراقچىلار ھەرىكەت قىلىدىغان جاي ئىدى، شۇڭا ھوشيارلىقنى ئالاھىدە ئۆستۈردى.

ئالدى تەرەپتىن بىر پاراخوت چىقىپ كەلدى ۋات دۇربۇننى تەڭشەپ قارىغان ئىدى «تاغ ئانا» بەلگىلىك پاراخوت ئىكەن، ئۇنىڭغا ئەنگلىيەنىڭ دۆلەت بايرىقى ئېسىلغان بولۇپ، خاتىرجەم ھالدا ئالدىغا قاراپ كېتىپ باراتتى. تاغ ئانا تۇيۇقسىز ۋاتنىڭ پاراخوتىغا ئوت ئاچتى، ۋات دەرھال ماتروسلارغا قايتارما زەربە بېرىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئاتقان زەمبىرەك ئوقلىرى قارشى تەرەپنىڭ پاراخوتى ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ، ئانچە يىراق بولمىغان كىچىك ئارال ئۈستىگە چۈشتى.

«تاغ ئانا» بەلگىلىك پاراخوتنىڭ كاپىتانى ماتا: «ھۆ دۆتلەر، بوۋاڭلار سىلەرگە زەمبىرەكنى قانداق ئېتىشنى ئۆگىتىپ قويسۇن، ئاغىنىلەر قاتتىق ئېتىڭلار، لېكىن پاراخوت چۆكۈپ كەتمىسۇن، ئۇنىڭدىكى ئالتۇنلارنى بىز تېخى قولىمىزغا ئالمىدۇق. ھا... ھا... ھا...» دەپ ۋارقىرايتتى.

ۋاتنىڭ سودا پاراخوتى ئېغىر زەربىگە ئۇچرىدى، ئوقلىرىنىمۇ ئېتىپ بولدى، لېكىن بىرەر پاي ئوقمۇ قارشى تەرەپنىڭ پاراخوتىغا تەگمىدى، نەتىجىدە بۇلار پۈتۈنلەي ماتانىڭ

www.uyghurkitap.com





ئەسىرى بولۇپ قالدى. ماتا شېرىكلىرىنى باشلاپ سودا پاراخوتىغا چىقىپ، پاراخوتنى ئاختۇرۇپ، تاۋار - دۇردۇن، پۇراق ماتېرىياللىرى ۋە قەنت - شېكەرلەرنىلا تاپتى، ماتروسلارنىڭ ئىشتانلىرىدىن تارتىپ سالدۇرۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى تاپالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كاپىتان ۋات بىلەن داڭ قاتارلىق بىرنەچچە ئادەمنى ئېسىپ قويۇپ، قاتتىق ئۇرۇپ، بايلىقلارنى نەگە يوشۇرغانلىقىنى ئېيتىشقا قىستىدى.

ۋات قاتارلىقلارنىڭ بەدىنى تاياق زەربىدىن تىتما - تىتما بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، پاراخوتقا ئالتۇن - كۈمۈش قاچىلانمىغان

دېدى.
ماتا ناھايىتى ئۈمىدسىزلىنىپ، پاراخوتقا ئوت قويۇۋەتتى. ۋات قاتارلىقلار سۇغا سەكرەپ، ھېلىقى ئارالغا قاراپ ئۈزدى. ماتا دۆر- بۈن بىلەن ئۇلارنىڭ ھالىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولدى، لې- كىن تۇيۇقسىزلا كۈلكىسىنى توختىتىپ، ئاغىنىلەر، بىز ئالدى- نىپتۇق، تېز قوغلايلى» دەپ ۋارقىرىدى.

نەتىجىدە، ئۇلار كىچىك ئارالغا چىقىپ، ۋات قاتارلىقلار يو- شۇرۇپ قويغان بايلىقلارنىڭ ھەممىسىنى بۇلاپ كەتتى.

**جاۋابى:**



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# 50

## ئاچلىقتىن ئۆلگەنمۇ ياكى قورقۇپ ئۆلگەنمۇ؟

گىرافنىڭ مىجەزى غەلىتە بولسىمۇ لېكىن ھىندىستاننىڭ ساغلاملىق تەنھەرىكىتىنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. شۇڭا ئۇ بىر ساغلاملىق ئۆيى سېتىۋېلىپ، تۆت ھىندىستانلىق بىلەن بىللە ئاشۇ يەردە ساغلاملىق تەنھەرىكىتىنى مەشىق قىلاتتى. بىر كۈنى ئويلىمىغان يەردە، گىرافنىڭ ئۇ يەردە ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالغانلىقى بايقالدى.

ئىش مۇنداق ئىدى، ئىككى ھەپتە ئىلگىرى، گىراف ئۆزى يالغۇز ساغلاملىق ئۆيىدە ساغلاملىق تەنھەرىكىتىنى مەشىق قىلماقچى بولدى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇ سىرتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىق ئۈچۈن، ئىشىك - دېرىزىلەرنى ئىچىدىن ئېتىۋالدى. بۇ خىل مەشىققە بىرنەچچە كۈن ۋاقىت كېتىدىغان بولغاچقا، ئۇ ئۆي ئىچىگە يېتەرلىك يېمەكلىك ۋە سۇ ئەكىرىۋالدى. لېكىن ئىككى ھەپتىدىن كېيىنمۇ گىراف بۇ يەردىن چىقمىدى. تۆت ھىندىستانلىق ساقچىغا مەلۇم قىلدى. ساقچىلار كېلىپ، ئىشىكنى بۇزۇپ ئېچىپ كىرىپ، گىرافنىڭ كارىۋات ئۈستىدە ئاچلىقتىن ئۆلگەنلىكىنى كۆردى. ئەجەبلىنەرلىكى، يېمەكلىك ۋە سۇ ئاساسەن شۇ پېتى تۇراتتى.

ساغلاملىق ئۆيىنىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرى ئىچىدىن ئېتىۋېلىنغان بولغاچقا، ھەرقانداق ئادەم ئىچىگە كىرەلمەيتتى، تۆگلۈك يەردىن 15 مېتىر ئېگىزلىكتە بولۇپ، كارىۋاتنىڭ ئۇدۇلىدا رەڭ-

لىنىڭ ئەينەك دېرىزە بارئىدى، دېرىزە تۆمۈر بىلەن رېشاتكىلانغان ئىدى، شۇڭا سىرتتىكى ئادەم ئەينەكنى ئېلىۋەتكەن تەقدىردىمۇ، بۇ يەرگە كىرەلمەيتتى. شۇنداق دېيىشكە بولاتتىكى، بۇ ساغلاملىق ئۆيى سىرت بىلەن پۈتۈنلەي ئايرىۋېتىلگەن مەخپىي خانە ئىدى.

ئۇنداقتا، گىراف نېمىشقا ئاچلىقتىن ئۆلىدۇ؟ ساقچىلار تەكشۈرۈپ، سەۋەبىنى تاپالماي گىراف ئاچلىق ئېلان قىلىپ ئۆلۈۋالغان دەپ بولدى قىلدى.

گىرافنىڭ ئايالى ساقچىلارنىڭ بۇ يەكۈنىدىن رازى بولماي، داڭلىق بىر رازۋېدكىچىنى تەكلىپ قىلدى. رازۋېدكىچى دەرھال ساغلاملىق ئۆيىگە بېرىپ نەق مەيداننى تەكشۈرۈپ، گىراف ئۇخلايدىغان كارىۋاتنىڭ يېقىندا يۆتكەلگەنلىكىنى بايقىدى.

«خانىم» دېدى، رازۋېدكىچى، «ئېرىڭىزنىڭ ئېگىزلىكتىن قورقۇش كېسىلى بارمىدى؟»

«شۇنداق، ئۇ ئېگىز يەرگە چىقسىلا، قورقۇپ پۇتلىرى تىترەپ كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتەتتى.»

«ھە، شۇنداق ئىكەن، گىرافنىڭ ئۆلۈمىنىڭ سىرىمۇ يېشىلدى.» رازۋېدكىچى شۇنداق دېدى - دە، ساقچى تەرەپ ئارقىلىق، تۆت ھىندىستانلىقنى قولغا ئالدى.

جاۋابى:



# 51

## قەيەرگە نەزەربەند قىلىنغان

جاسۇس H ھاۋاناغا كېلىپ ئارام ئالدى. بۇ كۈنى ئۇ ئۆزى چۈشكەن مېھمانخانىدا مۇنچىغا چۈشۈپ، ۋاننىدا تۇپتوغرا 20 مىنۇت ياتقاندىن كېيىن، ئوقۇرنىڭ قاپقىقىنى ئېلىۋەتتى، سۇ پىرقىراپ چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى، سۇدا ئىككى تال چاچ خۇددى سائەت ئىستىرېلكىسىدەك پىرقىراپ، ئاخىرى ئوقۇرنىڭ تۆشۈكىگە كىرىپ كەتتى.

ئۇ مۇنچىدىن چىقىپ، بەدەنلىرىنى سۈرتكەندىن كېيىن، كۈتكۈچى ئەكىرىپ بەرگەن مېھمانخانا شامپىنىنى ئىچىپ، تۇيۇقسىز بېشى قايغاندەك بولۇپ، مۇگدەك باستى. ئۇ شامپاندا بىھوش دورىسى بارلىقىنى ھېس قىلغانلا چاغدا كېچىككەنىدى، ئۇنىڭ قولىدىكى رومكا يەرگە چۈشۈپ كەتتى، ئۆزى بولسا سېزىمىنى يوقاتتى. بىر چاغدا ئۇ ئويغاندى، ئۆزىنىڭ قانچىلىك ئۇخلىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇخلاش كىيىمى ئالماشتۇرۇۋېتىلگەن بولۇپ، كارىۋاتتا ياتاتتى، يوتقان - كۆرپە، ئۆيلەرمۇ ھېچ ئوخشىمايتتى. ئۇ كارىۋاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، كىيىملىرىنى ئىزدەپ تاپالمىدى، چوڭ بىر ئۇخلاش كىيىمى ئورۇندۇقتا ئارتىقلىق تۇراتتى.

«بۇ قەيەردۇ؟»

شىرە ئۈستىدە: «بىزنىڭ بىر خىزمەتچىمىز دۆلىتىڭلاردا قولغا ئېلىنىدى، بىز ئۇنى سىز بىلەن ئالماشتۇرماقچى، ھازىر

كېڭىشىۋاتىمىز، ئۇزۇنغا قالماي جاۋابقا ئېرىشىمىز، سىز سەۋر-چانلىق بىلەن كۈتۈپ تۇرۇڭ، سىرتقا چىقىشىڭىزغا رۇخسەت يوق، يەيدىغان، ئىچىدىغانلىرىڭىز، ئىشلىتىدىغانلىرىڭىز ئۆيدە تولۇق» دەپ يېزىلغان بىر باغاقچە تۇراتتى.

جاسۇس ئويلاندى، يېقىندا H نىڭ دۆلىتى دۈشمەن تەرەپنىڭ بىر نەچچە جاسۇسىنى تۇتۇۋالغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆزى بىلەن ئالماشتۇرۇش سالاھىيىتىگە ئىگە بولغىنىدىن پەقەت ئىككىلا ئا-دەم بار بولۇپ، بىرى شىمالىي يېرىم شاردىكى A دۆلىتىدىن، يە-نە بىرى جەنۇبىي يېرىم شاردىكى B دۆلىتىدىن ئىدى. ئۇنداقتا مەن ھازىر A دۆلىتىدىمۇ ياكى B دۆلىتىدىمۇ؟

ئۆي ۋە مۇنچىنىڭ دېرىزىسى يوق ئىدى. تېمپېراتۇرا ھاۋا تەڭشىگۈچ بىلەن كونترول قىلىناتتى. ئۇ ئۆزىمۇ ھازىرنىڭ كۈن-دۈز ياكى كېچە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى، بۇ ئۆي خۇددى ئالەم كېمىسىنىڭ بىكىتىۋېتىلگەن بۆلۈمىسىگە ئوخشايتتى.

تاماقتىن كېيىن، ئۇ مۇنچىغا كىرىپ ئۇزۇنغىچە سۇغا چى-لىشىپ ياتتى، بەدەنلىرىمۇ بوشىشىپ كەتتى، ئۇ ئوقۇرنىڭ قاپ-قىقىنى ئېلىۋېتىپ، سۇنىڭ چۆشۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ، ھاۋانا مېھمانخانىسىنىڭ مۇنچىسىدىكى ئەھۋالنى ئېسىگە ئې-لىپ، ئىختىيارسىز ھالدا: «ھە، ئەمدى بىلدىم» دەۋەتتى.

**جاۋابى:**

ئۇ B دۆلىتىگە يالاپ ئېلىپ كېلىنگەن. شىمالىي يېرىم شاردىكى ھاۋانا مېھمانخانىسى مۇنچىسىنىڭ سۈيى ئوڭ پىرقىرى-غان. بۇ يەردىكى ۋاننا سۈيى تەتۈر پىرقىرىغان. بۇ ئۇنىڭ جەنۇبىي يېرىم شاردا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. B دۆلىتى بولسا جەنۇبىي يېرىم شاردا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# 52

## ئالماشتۇرۇۋېتىلگەن زەھەرلىك دورا

روبكانىڭ ئېرى لەيىن دوختۇر بىلەن ئايرىم تۇرۇۋاتقىنىغا بىر يىلدىن ئاشتى. روبكا ئايرىم ياشاۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بەرەر يېرى ئاغرىسىلا لەيىنگە كۆرۈنەتتى.

ئۈچ كۈننىڭ ئالدىدا، ئۇنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ ئىزچىل يانمىدى، يېقىن ئەتراپتىكى شەخسىي دوختۇر ئېنىق دىياگنوز قويالمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئامالسىز يەنىلا ئايرىلىپ تۇرۇۋاتقان ئېرىنى كېسىلىنى كۆرۈپ بېقىشقا تەكلىپ قىلدى.

«خاتىرجەم بولۇڭ، تارقىلىشچان زۇكام بولۇپ قاپسىز. ئاۋۋال ئوكۇل ئۇرۇپ قويااي، ئۇخلاشتىن ئاۋۋال بۇ دورىنى يېسىڭىز قىزىتمىڭىز يانىدۇ، 2 ـ 3 كۈندىن كېيىن ياخشى بولۇپ كېتىسىز» ئېرى شۇنداق دەپ ئۇنىڭغا بىر ئوكۇل ئۇرۇپ قويۇپ، كاپسۇللۇق زۇكام دورىسى بېرىپ، قايتىپ كەتتى.

كەچتە ئۇخلاشتىن بۇرۇن روبكا ئېرى بەرگەن روكام دورىسىنى ئىچتى، بىر نەچچە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن، بىئارام بولۇپ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلدى.

ساقچىلار جەسەتنى يېرىپ، ئۇنىڭ ئاشقازىنىدا تېخى ھەزىم بولالمىغان تەركىبىدە زەھەر بولغان شاكىلاتنىڭ بارلىقىنى بايقىدى. شۇنىڭ بىلەن ساقچىلار ئادەم ئۆلتۈرگەن گۇمانلىق جىنايەتچى دەپ، ئۇنىڭ ئىنىسىنى قولغا ئالدى.

ئۇنىڭ ئىنىسى بىر ھەپتىنىڭ ئالدىدا ئاچىسىغا بىر قۇتا يۇ-



رەك شەكىللىك شاكىلات سوۋغا قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر تالىنىڭ تەركىبىدە زەھەر بار ئىدى. بۇ ئىككىيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىشتۇرگىلى بولمايدىغان مىراس ماجىراسى بار ئىدى، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئىنىسىنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈش مۇددىئاسى بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. ئۇنىڭ ئىنىسى مەن گۇناھسىز دەپ چىڭ تۇردى، ھەممە شەخسىي رازۋېدكىچى مايىكنى قايتىدىن تەكشۈرۈشكە تەكلىپ قىلدى.

## بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى = 1

مايك تەكشۈرۈش جەريانىدا روبكىنىڭ ئايرىلىپ تۇرۇۋاتقان ئېرىنىڭ ئىچكى بۆلۈم دوختۇرى ئىكەنلىكىنى، ھەمدە ياش ئاشنىسى بىلەن توي قىلىش ئۈچۈن ئايالى بىلەن ئاجراشماقچى بولۇپ تۇرغانلىقىنى بىلدى. رازۋېدكىچى دېلو سادىر بولغان ئاخشىمى لەيىنىنىڭ نەق مەيداندا يوقلۇق پاكىتىنى تەپسىلىي ئوقۇغاندىن كېيىن، دوختۇرنىڭ خوتۇنىنى زەھەر بىلەن ئۆلتۈرگەن ئەپچىل ۋاستىسىنىڭ سىرىنى يەشتى.

جاۋابى:

[illegible]

# 53

## ئەتكەسچىنىڭ ماھارىتى

ئەتكەسچىلەرگە زەربە بەرگۈچى مەشھۇر رازۋېدكىچى جىكسۇن شىيەنرىننىڭ شەھىرىمىزدىكى ئەڭ چوڭ ئەتكەسچى قارا شەپەرەڭ بىر تۈركۈم قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى پورتتىن چىقار-ماقچى دېگەن ئاخباراتىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، دەرھال پورتقا ئۇۋق-تۇرۇش قىلدى. ئۇلارنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ، قارا شەپەرەڭ-نىڭ پاراخوتى يولغا چىقىدىغان چاغدا ئۇلارنى تۇسۇۋالدى. جىك-سۇن ئادەم باشلاپ پاراخوتقا چىقىپ، بىر - بىرلەپ ئاختۇردى. قارا شەپەرەڭ ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى بىر چەتتە ئەتكەسچىلەرنى تۇتقۇچىلارنى مەسخىرە قىلىپ تۇراتتى، چۈنكى بۇ پاراخوتتىن ھەرقانداق نەرسىنى تاپالمايتتى.

پاراخوتنى ئاختۇرۇپ ھېچنېمە تاپالمىغان جىكسۇن ئۈمىد-سىزلىنىپ، ماشىنىغا يوشۇرۇپ قويغان شىيەنرىننى تارتىپ چى-قىپ راسا بىر تىللىماقچى بولدى، چۈنكى ئۇنىڭ يالغان ئاخباراتى جىكسۇننى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى.

ليكىن كىم بىلسۇن، جىكسۇن ئاغزىنى ئېچىشىغا ئۇلگۈرمەي شىيەنرىن ئۇنى تىللاپ كەتتى. «رازۋېدكىچى ئەپەندى، سىز بىردەم ئەقىللىق بولسىڭىز، يەنە بىردەم كاللىڭىز ئىشلىمەيدىكەن. قارا شەپەرەڭنى ئۆزىڭىز قويۇپ بەردىڭىز...»

«سىز ... مەن...» جىكسۇن گەپ قىلغىنىچە، شىيەنرىن جىك-سۇنغا بىر تەرەپنى ئىما قىلدى. جىكسۇن ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە

## بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى ـ 1

قاراپ، ۋەزىپىسىنى تۈگىتىپ قايتقان ئىككى سۆرىگۈچى پاراخوتنى كۆرۈپ، ھەممىسىنى چۈشەندى.

جىكسۇن دەرھال كاتىپ بىلەن قوغلاپ، كەسكىن ئېلىشىشتىن كېيىن، چوڭ پاراخوتقا چىقتى. بۇ پاراخوتتا 70 تىن ئارتۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقى بۇيۇمى بار ئىدى.

جاۋابى:

ئەتكەس بۇيۇملىرى ھېلىقى ئىككى سۆرىگۈچى پاراخوتتا ئىدى. شۇڭا ئەتكەسچىلىككە قارشى تۇرغۇچىلار چوڭ پاراخوتنى ھەرقانچە ئاختۇرسىمۇ ھېچنېمە تاپالمايتتى. قارا رەڭلىك شېرەڭ يورتنىڭ سىرتىغا چىققاندىن كېيىن، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى سۆرىگۈچى پاراخوتتىن چوڭ پاراخوتقا يۆتكىۋالغان. سۆرىگۈچى پاراخوتنىڭ كاپىتانىمۇ ئەتكەسچىلەرنىڭ شېرىكى ئىدى.

# 54

## زىيادە ئەقىللىق يازغۇچى

تېز سۈرئەتتە كېتىپ بارغان پويىز، جىددىي تورمۇزلاندى، قۇلاقنى يارغۇدەك تورمۇز ئاۋازىدىن كىشىلەر قاتتىق چۆچۈدى، ھەممە پويىزنىڭ مۇنداق جىددىي تورمۇزلىنىشىدىن قورقۇپ كەتكەن يولۇچىلار پويىز شوپۇرىنى راسا ئەيىپلىدى.

بىر دەمدىن كېيىن پويىز رادىيوسىدىن پويىز باشلىقىنىڭ يولۇچىلاردىن ئەپۇ سوراپ قىلغان سۆزى ئاڭلاندى. باياتىن بىر يامان ئىش يۈز بەردى، بىر پاخال ئادەم رېلىس ئۈستىگە قويۇپ قويۇلغان ئىكەن، ھازىر ئىش ئۆتۈپ كەتتى. كۆپچىلىكنىڭ ئەپۇ قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

پويىز قايتا قوزغىلىپ، ئاخىرقى بېكەتكە بىخەتەر يېتىپ باردى. پويىز باشلىقى پويىزدىن چۈشۈپ تۇرۇشىغا ساقچىلار كېلىپ، بۇ پويىزنىڭ مەلۇم بېكەتتە يولدىن كېسىپ ئۆتكەن بىر ئايالنى بېسىپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئېيتتى. پويىز باشلىقى بۇ ئىشنى ھېچ چۈشىنەلمەي، پويىز باشلىقى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرۈۋىدى. پويىزنىڭ راستىنلا بىر ئادەمنى بېسىپ ئۆلتۈرگەنلىكى ئىسپاتلاندى.

تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۆلگۈچىنىڭ مەشھۇر يازغۇچى چىڭشەننىڭ خوتۇنى بولۇپ چىقتى.

ساقچى چىڭشەندىن شۇ كۈنى ئۆزىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى، خوتۇنىنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكىنى سورىۋىدى، چىڭشەن ئۇ كۈنى پويىزغا ئولتۇرۇپ دوستىنىڭ ئۆيىگە بارغانلىقىنى ئېيتتى، ئۇدۇل كەلگەن يېرى، چىڭشەن ئولتۇرغان پويىز دەل ئادەم باسقان

www.uyghurkitap.com



پويىز ئىدى.

«پويىزنىڭ ئادەم بېسىپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى بىلەمسىز؟»

«بىلىمەن. لېكىن پويىز باشلىقى بۇ ئىشنى بىر ساختا كۆرۈنۈش ئىكەن دېگەن. ئەگەر ئۆزۈم ئۆلتۈرغان پويىزنىڭ ئايالىمنى بېسىپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى بىلسەم مەن بۇ يەردە خاتىرجەم ئولتۇرالايمەنمۇ؟ سىلەر مەندىن گۇمانلىنىۋاتامىدىغانسىلەر - ھە، مەن جىنايەتچى ئەمەس. ئەگەر ئىشەنمىسەڭلار پويىز خىزمەتچىسىدىن سوراپ كۆرۈڭلار. ئۇ مېنىڭ مۇشۇ پويىزدا ئىكەنلىكىمگە ئىسپات بولىدۇ.»

شۇنىڭ بىلەن بىللە ساقچىلار بۇ پويىزنىڭ خىزمەتچىسى بىلەن گۇمانداررنى يۈزلەشتۈردى.

«بۇ ئادەم راستىنلا مۇشۇ پويىزدا ئىدى. ھېلىقى ساختىلىق ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ پويىز خىزمەتچىلىرى بۆلۈمىگە كىرىپ، مەندىن پاراخوتنىڭ ۋاقتىنى سورىغان» دېدى پويىز خىزمەتچىسى.

«چىڭشەن ئەپەندى، سىز زىيادە ئەقىللىق ئىكەنسىز، لېكىن ئەقىللىقلىقىڭىز ئۆزىڭىزگە ئىش تېپىپ بېرىپتۇ» دېدى ساقچى.

جاۋابى:



# 55

## قالتىس ئىسپات سۆزى



قاتىللىق نەق مەيداندىن بىر پاي ئايالچە ئاياغ تېپىلدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ ئاياغنىڭ تۆۋەنكى قەۋەتتىكى كات خانىمنىڭ ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى.

دېلوغا مەسئۇل خونتىر كات خانىمنى ئىزدەپ باردى.

ئۆي ئىچى قاپقاراڭغۇ ئىدى، بىر نەچچە قېتىم چاقىرغاندىن كېيىن كات خانىم مىسىلداپ كېلىپ ئىشىكنى ئېچىپ خونتىرنى ئۆيگە كىرىشكە تەكلىپ قىلدى.

كات خانىمنىڭ دېيىشىچە، بۇ يەردە توك توختاپ قالغىلى ئۈچ كۈن بوپتۇ.

«سىز راستىنلا شەخسىي رازۋېدكىچىمۇ؟» خانىم گۇمانىي نەزەر بىلەن خونتىرغا قاراپ شۇنداق دېدى.

«كەچۈرۈڭ مەن خىزمەت كىنىشكامنى ئالماي كەپتىمەن، بۇ مېنىڭ ئىسىم كارتوچكام.»

# بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى - 1

خانىم ئىسىم كارتوچكىسىنى ئېلىپ، كۆزىگە يېقىن تۇتۇپ قارىدى، قارىغاندا يىراقنى كۆرەلمەيدىغان ئوخشايدۇ.

«سىزدىن سوراپ باقاي، تۈنۈگۈن كەچ سائەت 9 ئەتراپىدا سىز نەدە ئىدىڭىز؟»

«تۈنۈگۈن كەچ قاش قارايغاندىن باشلاپلا مەن ئۆيدە بولدۇم، سائەت 8 دىن 10 غىچە كىتاب ئوقۇدۇم.»

«سىز كىتابنى قولچىراغ يورۇقىدا ئوقۇدىڭىزمۇ، ياكى شام يورۇقىدا ئوقۇدىڭىزمۇ؟»

«ئۆيۈمدە قولچىراغمۇ، شاممۇ يوق، لېكىن مەن راستىنلا كىتاب ئوقۇدۇم، ئىشەنمىسىڭىز سەل تۇرۇپ تۇرۇڭ...» ئۇ شۇنداق دەپ ئىچكىرى ئۆيدىن قېلىن بىر كىتابنى ئېلىپ چىقىپ خونتىرغا كۆرسەتتى.

خونتىر كىتابنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ سۆزىنىڭ راستلىقىغا شەك-سىز ئىشەندى.

جاۋابى:

[illegible]



### پاش قىلىنمىغان قاتىللىق دېلوسى

يېڭى ئورلىيان ئىشتاتىدىكى پالتا كۆتۈرۈۋالغان ئادەم (1918 — 1919)

بۇ ئاق تەنلىك ئادەم بولۇشى مۇمكىن. ئۇ ئىتالىيەلىكلەر ئاچقان چەرچىنمال دۇكىنىغا بەك ئۆچ ئىدى. شۇڭا ئۇ ئاز دېگەندىمۇ مۇشۇنداق دۇكان ئاچقان ئىتالىيەلىك سودىگەردىن سەككىزنى ئۆلتۈرگەن. ئۇ ئاۋۋال ئىشىكنى بۇزۇپ ئېچىپ كىرىپ، ئۇخلاۋاتقان ئادەمنى چاناپ ئۆلتۈرەتتى. بۇنداق ئۆلتۈرۈش 1919 - يىلى 10 - ئايدا پۈتۈنلەي توختىدى — بەلكىم بۇ ئادەم ئۆلگەن بولۇشى مۇمكىن — ئۇنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈش مەقسىتى زادى نېمە، بۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى، لېكىن ئۇنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈشى پۇل ئۈچۈن ئەمەس ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# 56

## مۇرەككەپ قەھۋە

شىركەت خىزمەتچىسى بىر ئىستاكاننى ئېلىپ، بىر ئىستاكان مۇز سۇيى قۇيۇپ، ئورنىغا بېرىپ ئولتۇردى.

«ۋۇي، سوغۇق سۇ ئىچكىنىڭىز نېمىسى، مەن سىزگە قەھۋە دەملەپ بېرەي» دېدى ئۇنىڭ ئايال كەسىپدىشى سەممىيلىك بىلەن.

«ھە، ياق، مەن زۇكام دورىسى ئىچمەكچىدىم. دورا ئىچىدىغان بولغاندىن كېيىن، يەنىلا سىزنى ئاۋارە قىلمىدىغان بولدۇم، ماڭا بىر ئىستاكان قەھۋە ئەكىلىپ بېرىڭ» بىر شۇنداق دېگەچ يانچۇقىدىن دورىنى ئالدى.

«قەھۋە دەملەيدىغان ئىش بولسا، مەنمۇ بىر ئىستاكان ئىچەي» بىكىنىڭ يېنىدا ئولتۇرىدىغان بىرانت بېشىنى كۆتۈردى. بىرانت شىركەتتە قەھۋەگە ئامراقلىقى بىلەن مەشھۇر ئىدى.

بىرانتنىڭ بۇ گېپى بىلەن ھەممەيلەننىڭ قەھۋە ئىچكۇسى كەلدى.

ئايال كەسىپداش ھەممە ئادەمگە بىر ئىستاكاندىن قەھۋە تەييارلىدى، يەنە بىر ئايال ياردەملەشتى. بۇ خىل ئەھۋال شىركەتتە ئادەت ئىدى.

بىرانت ئايال كەسىپدىشى ئېلىپ كەلگەن پەتنۇستىن ئىككى ئىستاكان قەھۋا ئېلىپ، بىرنى بىكقا ئۇزاتتى، ئاندىن ئىككىيلەننىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان شېكەر قۇتىسىدىن ئىككى

قوشۇق شىكەر ئېلىپ ئۆزىنىڭ ئىستاكانىغا سېلىپ، شېكەر قۇتىسىنى بىك تەرەپكە سۈرۈپ قويدى. بىرانت قەھۋەدىن بىر يۇتۇم ئىچىپلا يۆتىلىپ كەتتى، قەھۋەمۇ شىرە ئۈستىدىكى ئىش قەغىزىگە چاچراپ كەتتى. بىك ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئۆزى دورا ئىچىپ قېپقالغان يېرىم ئىستاكاندىن جىقراق سۇنى بىرانتقا ئۇزاتتى، بىرانت ئېلىپلا ھەممىنى ئىچىۋەتتى، لېكىن ئۇ قاتتىق ئازابلىنىۋاتاتتى، ئىستاكانمۇ ئۇنىڭ قولىدىن چۈشۈپ چېقىلىپ كەتتى.

«ھەي، نېمە بولدۇڭ!» بىك شۇنداق دېگىنىچە يىقىلىپ چۈ-شۈۋاتقان بىرانتنى يۆلىدى، لېكىن بىرانتنىڭ نەپسى ئاللىبۇرۇن توختىغانىدى.

تەكشۈرۈش ئارقىلىق بىرانتنىڭ ئىستاكانىغا زەھەر سېلىنى-غانلىقى ئېنىقلاندى. باشقىلارنىڭ ئىستاكانى، شېكەر قۇتىسىدىن زەھەر بايقالمىدى. ئىككى ئايال گۇمانلىق بولۇپ قالدى. لېكىن كوفې قويۇش، سۇنۇش ئىشلىرىنى ئىككىسى بىللە قىلغان، ئىس-تاكانلارنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولمايتتى، شۇڭا ئەگەر بۇ ئىككى ئا-يال شېرىك بولمىسا، زەھەر بار ئىستاكاننى بىرانتقا بەرمىكى قى-يىن بولاتتى. بۇ ئىككى ئايالنىڭ بىرانتنى ئۆلتۈرۈش نىيىتى يوق، شۇنداقلا ئۇلار بۇ ئىشتا شېرىكمۇ ئەمەس ئىدى.

بېك بىلەن بىرانت قىمار ئويناپ ئۇنىڭغا ناھايىتى كۆپ قەرزدار بولۇپ قالغان، شۇڭا ئۇنىڭدا ئادەم ئۆلتۈرۈش مۇددىئاسى بارئىدى، ئىككىيلەن يېقىن ئولتۇرسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ شې-رىكلىرى ئارىسىدا قالايمىقان دۆۋىلەكلىك نۇرغۇن نەرسىلەر بول-غاچقا بىكنىڭ بىرانتنىڭ ئىستاكانىغا زەھەر سېلىۋېتىش ئىمكا-نىيىتى يوق ئىدى.

رازۋېدكىچىلار باشلىقى خونتىر نەق مەيداننى تەكشۈرگەندىن كېيىن، قەھۋە چاچراپ كەتكەن ئىش قەغىزىنى ئېلىپ قاراپ، بۇ

# بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى - 1

قەغەزنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن، بىكنىلىڭ ئادەم ئۆلتۈرگەن - ئۆلتۈرمىگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ، دېدى.

جاۋابى:



# 57

## ئوغرى كىم

سوت مەھكىمىسى بىر ئوغرىلىق دېلوسىنى سوت قىلىشقا ئاتاپ، بۇ ئالاھىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەھكىمىدە گۇمانلىق سوتچى، گوڭبىن، جىڭشاك قاتارلىق ئۈچ گۇماندار سوتقا يالاپ ئېلىپ كىرىلدى.

بۇ دېلوغا مەسئۇل سوتچى دېلونى كۆرگەندىن كېيىن، ھەقىقىي ئەھۋالنى مەلۇم قىلغىنى چوقۇم ئوغرى ئەمەس؛ ئەكسىچە ھەقىقىي ئوغرى ئۆزىنىڭ جىنايىتىنى يېپىش ئۈچۈن، يالغان ئىقرار قىلىدۇ، دەپ قاراپ، مۇنداق يەكۈن چىقاردى: راست گەپ قىلغان ئادەم ئوغرى ئەمەس، يالغان گەپ قىلغىنى چوقۇم ئوغرى.

سوت قىلىش نەتىجىسىدە سوتچىنىڭ بۇ ئويىنىڭ سۇبيېكتىپ خىيالىغا ئاساسلانغان بولماي، بەلكى توغرا ھۆكۈم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

سوراق باشلانغاندىن كېيىن، سوتچى ئاۋال سوڭجىدىن سورىدى: «سوڭجى ئەپەندى، سەن قانداق ئوغرىلىق قىلدىڭ؟ راست گەپ قىل، يالغان گەپ قىلساڭ ساڭا ھېچقانداق پايدىسى يوق!»

سوڭجى «گۇدۇڭ، گۇدۇڭ» بىر نېمىلەرنى دېدى. ئۇ يەرلىك شېۋىدە سۆزلىگەچكە سوتچى ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئۇقالمىدى. شۇنىڭ بىلەن سوتچى ئۇ مېنى كولدۇرلىتىۋاتىدۇ – دەپ قاراپ، گوڭبىن بىلەن جىڭشاڭدىن سورىدى «بايا سوڭجى يەرلىك شېۋىدە گەپ قىلىپ، مېنى كولدۇرلىتىپ، سوتنى كۆزگە ئىلمىدى، سىلەر ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى بىلدىڭلارمۇ؟»

## بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى = 1

«ئەپەندى، ئۇ مەن ئوغرى ئەمەس دەيدۇ» دېدى، گوڭبىن.

«ياق، ئۇنداق دېمىدى» دېدى جىڭشاڭ، «ئۇ ئۆزىنىڭ ئوغرىلىق قىلغانلىقىغا ئىقرار قىلدى.»

گوڭبىن بىلەن جىڭشاڭنىڭ گېپىنى سوتچى ئۇقۇپ، سوتچى بىلەن گوڭبىن گۇناھسىز، جىڭشاڭ بولسا ئوغرى، دەپ ھۆكۈم قىلدى.

**جاۋابى:**



# 58

## سىز پاي چېكى ئوينىغانمۇ؟

دۈشەنبە چۈش، سائەت 12 دىن 20 مىنۇت ئۆتكەن چاغ، كىنو كۆرۈۋاتقان جۇدىنى بىرسى پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. جەسەت گىلەم ئۈستىدە قانغا مىلىنىپ ياتاتتى. ناھايىتى تېزلا ساقچىلار يېتىپ كەلدى.

ساقچىلار بېلەت ساتقۇچىدىن باشلاپ سوراق قىلدى.

«جۇدى بېلەت ئالغان چاغدا، سىز بىرەر نەرسە بايقىدىڭىزمۇ؟»

«ئۇ كىرگەندە كۈنلۈكىدىن سۇ ئېقىۋاتقان ئىكەن. ئۇ بېلەتنى ئېلىپلا كىنوخانىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ مېنىڭ ئۇنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشۈم.»

«سىز قاتىلنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرگىنىنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆردىڭىزمۇ؟»

«سىزگە دېمىدىمغۇ، كۆرمىدىم.»

«ھەمكارلاشقانلىقىڭىزغا رەھمەت، ھازىرچە مۇشۇنچىلىك بولسۇن. ئەينى ۋاقىتتا يەنە بىر ئادەممۇ ئويۇن كۆرۈۋاتقان ئىكەنغۇ؟»

«شۇنداق» بېلەت ساتقۇچى شۇنداق دېدى، «ئۇ ھازىر تەكشۈرۈلۈشنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، مەن ئۇنى چاقىرىپ چىقايمۇ؟»

«ماقۇل، سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم.»

بىردەمدىن كېيىن، يەنە بىر گۇماندار پىت كىرىپ ئۆينىڭ

بۇلۇڭدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردى.

«جۇدىنى باشقىلار پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرگەندە سىز نەق مەيداندا ئىكەنسىز، شۇنداقمۇ؟»

«شۇنداق.»

«سىز شۇ چاغدا نېمىنى كۆردىڭىز؟»

«ئەمەلىيەتتە، مەن ھېچنېمىنى كۆرمىدىم.»

«بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ سىز بىزگە يېنىڭىزدىكى ئادەمنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرمىدىم دېمەكچىمۇ؟»

«ھەئە، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ چاغدا كىنو تېخى باشلانمىغان، شۇڭا مەن گېزىتتىن بۈگۈنكى پاي چېكى باھاسىنى كۆرۈپ ئولتۇرغان، مەن مۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەپتىمەن.» «كەچۈرۈڭ، يالغان گەپ قىلىۋاتىسىز.»

جاۋابى:



# 59

## زىراپە كىشنەمدۇ

چارلاش ماشىنىسى ھايۋانات باغچىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، يولدىن توغرا كېسىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ئادەمنى سوقۇۋېتكىلى تاس قالدى.

«نېمە ئىش بوپتۇ؟» سورىدى چارلاش ساقچىسى.

«چاتاق بوپتۇ، ھايۋانات باغچىسىنىڭ ئىشىك باققۇچىسى ئۆلۈپ قاپتۇ.»

«نېمە ئۈچۈن؟ مېنى باشلاپ بېرىڭە.»

ئۇلار ھايۋانات باغچىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندىن كېيىن، ھېلىقى ئادەم ئىشنىڭ جەريانىنى سۆزلەشكە باشلىدى:

«بۈگۈن مەن سەيلە قىلىۋاتاتتىم، تۇيۇقسىز قىزىل رەڭلىك بىر پىكاپ ماشىنا سۈرۈشۈپ دېگەندەك ئۆتۈپ كەتتى، مەن ئۇنىڭ كەينى چىرىغىنىڭ يانغانلىقىنى كۆردۈم. ئارقىدىن مەن بىرنەچچە پاي ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. ھايۋانات باغچىسى تەرەپكە قارىسام، زىراپە قوتىنىدا پىرقىراپ كىشنەۋېتىپتۇ. يېقىن بېرىپ قارىسام ئىشىك باقار ئۆلۈپتۇ. مەن ساقچىغا مەلۇم قىلماقچى بولۇپ تۇراتتىم، مانا سىز كېلىپ قالدىڭىز. بېرىپ قاراپ باقايلى.»

ئۇلار بېرىپ ئىشىك باقارنى كۆردى، ئاندىن زىراپىگە قاردى، زىراپە بوينىغا ئوق تېگىپ ئۆلگەنىدى، ئىشىك باقار بىر پاي ئوقتىلا ئۆلتۈرۈلگەنىدى.

## بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى = 1

بۇلارنى كۆرۈپ چارلىغۇچى ساقچى ئارتۇق گەپ قىلمايلا ھې-
لىقى ئادەمنىڭ قولىغا كويزا سالدى.

جاۋابى:

ھايۋانات ھەققىدىكى بىلىمى كەمچىل جىنايەتچى ئۆز بوينىنى ئۆزى تۇتۇپ بەرگەن. زىراپە كىشنىمەيدۇ.



### ئەقلى خۇلاسىگە ئائىت تارىخي ئەسەرلەردىن زوقلىنىش

### كېچىدىكى سەپەر

گۇشېنلار ئائىلىسىنىڭ ئىرسىيەت تەۋەررۇكى «دۇمچەك» لىك ئىدى. شۇڭا بۇلارنىڭ ئارزۇسى بۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئىدى. پاجىئە نومىيگە كەلگەندە ئۇلار ئارزۇسىغا يەتتى، بۇنىڭدىن ئۇ بەك خۇش ئىدى. لېكىن ئالۋاستىدا ۋىجدان بولامدۇ، باچيەندەى سىرلىق خەت ۋە دۇمچەك ئەمەس ئەرنىڭ رەسىمىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ئالۋاستى قارغىشى يەنە ئۆزىنى كۆرسەتتى — گۇشېن ئائىلىسىدىن باشسىز دۇمچەك بىر ئەرنىڭ جەسىتى باقالدى....

زىچ توقۇلغان رەھىمسىز بىر قاتىللىق تورى بۇ ئائىلىدىكى ھەر بىر ئادەمنىڭ كۆڭلىگە ۋەھىمە كۆلەڭگىسى تاشلاپ، ئۇلاردىن بىرقەدەممۇ نېرى بولمايتتى!

ئۇلار قاچتى! قاچتى... لېكىن ئۇلار قېچىپ دۇنيانىڭ ئۇ چېتىگە كەتسىمۇ، بۇ ئالۋاستىنىڭ كۆلەڭگىسىدىن قۇتۇلالمىدى.

ئەسلىدىكى باشسىز جەسەت ۋەقەسى ئۆزگىرىپ، كۆپۈپ، ئۇ

باش بۇ تەنگە، بۇ تەن ئۇ باشقا تۇغرا كەلمەيدىغان قورقۇنچلۇق «قوش قاتىللىق» دىلوسىغا ئايلاندى. باش گۇشېن شۇۋيىنىڭ، تەن فېڭۇۇشياۋشىنىڭ...

دىلونىڭ تەرەققىياتى ساقچىلارنى گاڭگىرىتىپ قويۇپلا قالماستىن، گۇشېن ئائىلىسىدىكىلەرنىمۇ ۋەھىمىگە سېلىپ قويدى. بىلىش كېرەككى، سىرتتىن كەلگەن ئالۋاستى قورقۇنچلۇق ئەمەس، كۆڭۈلدىكى ئالۋاستى بولسا، ھەممە بالا ـ قازانىڭ مەنبەسى!

# 60

## زەھەرلىك كىيىم ئاسقۇچ

ماتروس پور يىل بويى سىرتتا يۈرگەچكە ئۇنىڭ ئايالى قوشنىسى بىلەن چىقىشىپ قالدى.

پور ھېچنېمىنى سەزمەي دېڭىزغا چىقىپ كېتىۋەردى. لېكىن ھېلىقى قوشنا زادىلا خاتىرجەم بولالمىدى، ئۇ پورنى كۆزدىن يوقاتقاندىلا ئاندىن بىخەتەر بولىدۇ، دەپ ئويلايتتى. لېكىن بۇ قوشنا پورغا تەگ كېلەلمەيتتى.

ئۇ ئىنىس - جىن بىلمەيدىغان بىر چارىنى ئويلاپ تاپتى. ئاخىرى، بىر يىلدىن كېيىن پورتنىڭ ئىچ كىيىمىدە زەھەر بولغانلىقتىن جەھەننەمگە كەتتى.

قوشنىسى قانداق ئۇسۇل بىلەن پورنىڭ كىيىمگە زەھەر يۇقتۇرۇپ قويغان؟

**جاۋابى:**

ئۇ كۆپ قېتىم جىمجىت كېچىدە چىقىپ پورنىڭ دائىم كىيىم قۇرۇتىدىغان كىيىم ئاسقۇچىغا زەھەرلىك دېھقانچىلىق دورىسى سۈركەپ پورنىڭ ئىچ كىيىمگە زەھەر يۇقتۇرۇپ قويغان. بۇ زەھەر يىغىلىش نەتىجىسىدە، پورنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەن.



## ئەقلىي خۇلاسىگە ئائىت تارىخىي ئەسەرلەردىن زوقلىنىش

## — ئۈچ مۇنار

«ئۈچ مۇنار» ئىچىدىكى ئۈچ ياغاچ ئويما ئادەم بېشى ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر ـ شەپقەت ۋە ئۆچ ـ ئاداۋەت ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى بولغان زوجۇ جەمەتىنىڭ ئۈستىگە چۈشتى.

يېنىئېر ئۆزىنىڭ بىر يىراق تۇغقىنى — شۈەنزاڭ بوۋايدىن قالغان 10 مىليارد يۈەن قىممىتىدىكى مىراسقا ۋارىسلىق قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى، شەرت، ئۇ ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان بىر ئەر بىلەن توي قىلىش ئىدى... لېكىن، ئويلىمىغان يەردە، ئۇ تېخى مىراسقا ۋارىسلىق قىلماي تۇرۇپلا، ئۈچ قېتىملىق ئېچىنىشلىق قاتىللىق ۋەقەسى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى. پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەر ئۆز ئارا ئالدامچىلىق ۋە قانلىق قىرغىنچىلىق قاينىمىغا كىرىپ قالدى. «10 مىليارد يۈەنلىك مال ـ مۈلۈك» ئەزرائىلنىڭ يارلىقىغا ئايلىنىپ، كىم ئۇنىڭغا ئىگە بولۇش پۇرسىتىگە ئېرىشسە، شۇ كىشى كېيىنكى قۇربانلىققا ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى!

يېنىئېر بىر قالايمىقانچىلىق ئىچىگە كىرىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن كۆپ خىل سالاھىيەتلىك سىرلىق ئەر — چۆجىنىڭ جياۋسەن بىلەن مۇھەببەتلىشىپ قېچىپ كەتتى!

بۇ قوشماق ئۆردەكلەر قېچىپ يۈرۈش جەريانىدا، ئويلىمىغان يەردىن ئۈچ مۇنارنىڭ ئورنىدىن خەۋەر تاپتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇشۇنداق خەتەرلىك پەيتتە، «ئۆزى سۆيگەن يېقىن ئادىمى»نىڭ ياستۇقى ئاستىدىن ئۆزى سۆيگەن بۇ ئادەمنىڭ ئىككى قولى قانغا بويالغان بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىتقا ئېرىشتى....

ئاپتور جانلىق يېزىقچىلىق ماھارىتى ئارقىلىق، بۇ كىتابقا ئاجايىپ رومانتىك تۈس بەرگەن، كىتابنى قولىڭىزغا ئالسىڭىز ئوقۇپ بولمىغىچە قولىڭىزدىن چۈشۈرگىڭىز كەلمەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# 61

## بانكا بۇلاش دېلوسى

فۇك بانكا بىلەن بىر تام رېستورانغا كىرىپ بىر ئىستاكان قەھۋە ئالغاندىن كېيىن ئولتۇرۇپ، ئەتراپىغا قاراپ، بۇ يەردە ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمنىڭ يوقلۇقىنى بىلدى. ئۇ ئەمدىلا قەھۋەدىن بىر يۇتۇم ئىچىپ تۇراتتى، ئۈچ ئادەمنىڭ بانكىدىن قېچىپ چىقىپ، يولنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. بۇ ۋاقىتتا، ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى، دېلو سادىر قىلغانلار يول بويىدا كۈتۈپ تۇرغان بىر ماشىنىغا چىقىپ قېچىپ كەتتى.

بىر موناخ بىلەن بىر شوپۇر رېستورانغا كىردى:

«ئىككىڭلار قورقۇپ كەتكەنسىلەر ـ ھە.» فۇك شۇنداق دېدى «كېلىڭلار، مەن سىلەرنى مېھمان قىلاي، بىر ئادەم بىر ئىستاكاندىن قەھۋە ئىچەيلى.» موناخ بىر ئىستاكان قەھۋە ئالدى، شوپۇر بىر ئىستاكان پىۋا ئالدى. ئۈچەيلەن بايامقى يۈز بەرگەن ئىشلارنى سۆزلىشىپ ئولتۇردى، ئاندا ـ ساندا قولىدىكى ئىچىملىكنى بىر ئوتلاپ قوياتتى.

بۇ چاغدا كوچىدىن ساقچى سىگنالى ئاڭلاندى، بۇلاڭچىلار تۇتۇلغانىدى. فۇك دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ تاماشا كۆرۈپ تۇردى. ئۇ ئورنىغا قايتقاندا ھېلىقى موناخ بىلەن شوپۇر ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ چىقىپ كەتتى. كۈتكۈچى ئىستاكانلارنى يىغىشتۇرۇۋەتكەنىدى، كۈتكۈچى فۇكنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ: «كەچۈرۈڭ ئەپەندى، مەن سىزنى كەتتىمىكىن دەپ قاپتىمەن» دېدى،

ئۆزى باياتىن يىغىشتۇرۇۋەتكەن ئىككى ئىستاكانغا قاراپ، ئىغىز تېگىلمىگەن بىرىنى فوكقا ئۇزىتىپ بېرىۋېتىپ: «بۇ موناخ نەدىن پەيدا بولدى، بۇ ئەتراپتا يا چېركاۋ بولمىسا» دېدى. فوك ئويلاپ ۋارقىرىۋەتتى: «ھە! بۇ ئىككىسى بايا بانكا بۇلىغانلارنىڭ شېرىك-لىرى ئىكەن!» ئۇ شۇنداق دېگىنىچە قاۋاقخانىدىن ئېتىلىپ چى-قىپ ئۇلارنى قوغلاپ كەتتى.

فوكنى موناختىن گۇمانلاندۇرغان زادى نېمە؟

جاۋابى:

موناخ يالغان ئىدى. فوك ئۇنىڭ ئىستاكانىدىن لاۋ سۇ-رۇقىنىڭ قالدۇقىنى كۆرۈپ قالغان. چۈنكى ھەقىقىي موناخلار لاۋ سۇرۇقى سۇرمەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# 62

## ياخشى ئامال

ۋىك تېلېۋىزورنى ئېچىپ: «بۈگۈن سائەت 19 ئەتراپىدا بىر مۇھىم گۈللۈكى كوچىسىدا، 79 ياشلىق بىر بوۋاي بولاڭچىلىقچىلار ئۇچرىغاندىن كېيىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. كۆرگۈچىلەرنىڭ دېيىشىچە قاتىل كۆك رەڭلىك كاستۇم كىيگەن. ئەھۋالنى بىلگۈچىلەرنىڭ ساقچى ئىدارىسى بىلەن ئالاقىلىشىشىنى ئۈمىد قىلىمىز» دېگەن خەۋەرنى كۆردى. گۈللۈك كوچىسى دەل مۇشۇ كوچىدى، ۋىك سەل قورقۇپ قالدى.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، بالكون ئىشىكىدە 35 ياشلار ئۇپچۆرىسىدىكى بىر ئەر كۆرۈندى، ئۇ كۆك رەڭلىك كاستۇم كىيىۋالغان بولۇپ، كىيىمىدە قان يۇقى بارئىدى. ۋىك قورقۇپ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى. ئۇ ئادەم ۋىكقا قول سائەت ۋە ئۈزۈكنى بېرىشنى ئېيتتى.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا تۇيۇقسىز ئىشىك چېكىلدى. ھېلىقى ئادەم تاپانچىنى ۋىكنىڭ دۇمبىسىگە تىرەپ تۇرۇپ: «ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ، ئۇخلاپ قالدىم دەپ ئۇنى كىرگۈزمە» دەپ بۇيرۇق قىلدى. «كىم؟»، «مەن» دېدى ساقچى ئەمەلدارى خونتىر «ۋىك خېنىم، ھېچ ئىش يوقتۇ ـ ھە؟» ۋىك تونۇش ئاۋازدىن خېلىلا خاتىرجەملىنىپ قالدى. «شۇنداق، ھېچ ئىش يوق ئەپەندى» دېدى ۋىك ۋە سەل تۇرۇۋېلىپ ئاۋازىنى ئازراق كۆتۈرۈپ: «ئاكام سىزگە سالام ئېيتتى!» دېدى. «رەھمەت، كەچلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن.» كې-

يىن ساقچىلار ماشىنىسىنى ھەيدەپ كەتتى، «ياخشى، ياخشى قىلدىڭىز.» ھېلىقى ئادەم خۇشال بولۇپ، غورتۇلدىتىپ ھاراق ئىچكىلى تۇردى. تۇيۇقسىز، بالكون ئىشىكىدىن بىر مۇنچە ساقچىلار ئېتىلىپ كىرىپ، ھېلىقى ئادەم نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىپ بولغىچە، ئۇنىڭ قولىغا كويزا سېلىپ بولدى.

«ياخشى ئامال قىلدىڭىز، ۋۇك خېنىم، سىزگە بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟» خونتىر سەمىمىيلىك بىلەن شۇنداق دېدى. ۋۇك خېنىمنىڭ ياخشى ئامالى نېمە؟

جاۋابى:



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# 63

## دېلو ھەققىدە ئەقلىي خۇلاسە

ساقچى ئەمەلدارى رۇداۋفۇ بىر دېلو ماتېرىيالىنى ئېلىپ ساقچى باشلىقى ھېندگىرنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ، ئۇنى ھۆرمەت بىلەن باشلىقنىڭ شىرەسى ئۈستىگە قويۇپ:

«باشلىق، 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى كېچە سائەت 12 دە، خەيرى تىياتىرخانىسىنىڭ يېنىدىكى دەرىجىدىن تاشقىرى سودا سارىيىدىن زور مىقداردىكى قىممەتلىك بۇيۇملار ئوغرىلىنىپ، جىنايەتچىلەر ئۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ ماشىنا بىلەن قېچىپ كەتكەن. ھازىر a، b، c ئۈچ جىنايەتچى تۇتۇلدى، كۆرسەتمە بەرگەيسىز!» دېدى.

ساقچى باشلىقى ھېندگىر قابىل ياردەمچىگە بىر قارىۋېتىپ، ماتېرىيالنى ئېچىپ، روداۋفۇ يازغان تۆۋەندىكى قۇرلارغا كۆز يۇگۈرتتى:

بىرىنچى پاكىت: a، b، c ئۈچ ئادەمدىن باشقا، بۇ دېلوغا چېتىشلىق ھەرقانداق ئادەم يوق؛

ئىككىنچى پاكىت: گۇماندار c ئەگەر گۇماندار a نىڭ ياردىمى بولمىسا، ئۇ سودا سارىيىغا بېرىپ دېلو سادىر قىلالمايدۇ.

ئۈچىنچى پاكىت: b ماشىنا ھەيدىيەلمەيدۇ، a نىڭ ئوغرى ياكى ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ بەرسىڭىز.

ھېندگىر بۇلارنى كۆرۈپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى، رۇداۋفۇ بۇ-

نىڭدىن ھەيران قالدى. ئاندىن ھەدگەر ياردەمچىسىنىڭ گۇمانىنى يېشىپ بەردى.

ساقچى باشلىقى دېلوغا قانداق ھۆكۈم قىلدى؟

**جاۋابى:**

ئەگەر b گۇناھسىز بولسا، 1 ـ ياكىتقا ئاساسلانغاندا، a بىلەن c جىنايەتچى بولىدۇ؛ ئەگەر b جىنايەتچى بولسا، ئۇنىڭ چوقۇم شېرىكى بولۇشى كېرەك، چۈنكى ئۇ ماشىنا ھەيدىيەلمەيدۇ؛ ئاندىن a بىلەن c نىڭ جىنايەتچى ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىدۇ. بىرىنچى خىل ئېھتىمالدا a بىلەن c جىنايەتچى بولىدۇ؛ ئىككىنچى خىل ئېھتىمال c گۇناھسىز بولۇپ، a جىنايەتچى بولىدۇ؛ ئۈچىنچى خىل ئېھتىمالدا c جىنايەتچى بولۇپ، ئىككىنچى ياكىتقا ئاساسلانغاندا، a مۇ جىنايەتچى بولىدۇ. يەكۈن شۇكى، جىنايەت سادىر قىلغان كىشى a دۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# 64

## مېزى ئېچىلىپ قالماق

دۈشەنبە ئەتىگەندە، خونتىر ئىدارىغا كېلىپلا دېلو مەلۇم قىلىش تېلېفونىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. بىرسى دەرياغا چۆكتۈرۈۋېتىلگەندى.

چۆكتۈرۈۋېتىلگەن ئادەمنىڭ دوستى سېنگى مۇنداق دېدى: «بۈگۈن مەن دوستۇم جولىيان بىلەن بۇ يەرگە بېلىق تۇتقىلى كەلگەندۇق، ئۇ ئۇ تەرەپتە، مەن بۇ تەرەپتە ئىدىم. بىز بېلىق تۇتۇۋاتقاندا، بىر ئادەم ئارقىدىن كەلدى، مەن سۇدىن ئۇنىڭ ئەكسىنى كۆردۈم. ئۇ پىچىقىنى ئېلىپ ماڭا تىقماقچى بولدى. بۇ چاغدا مېنىڭ ئىنكاسىم تېز كېلىپ، قارماق خادىسىنى كەينىمگە قارىتىپ بىر چۆرگىلەندىم. قارماق ئۇ ئادەمنىڭ چاپىنىغا ئىلىنىپ قالدى، مەنمۇ قورقۇپ يىقىلىپ چۈشتۈم. دەريا قىرغىقى بەك تىك بولغاچقا، ئۇ ئادەم بىللە تۆۋەنگە يۇمىلاپ چۈشتۇم. مەن بىر دەرەخكە ئىلىنىپ قالدىم، ھېلىقى ئادەم پەسكە چۈشۈپ كەتتى. قارىسام ئۇ جولىيان ئىكەن، دەرھال قىرغاققا چىقىپ قۇتقۇزماقچى بولدۇم، لېكىن ئۈلگۈرەلمىدىم، ئۇ سۇ ئۈزۈشنى بىلمىگەچكە چۆكۈپ كېتىپ ئۆلدى.»

خونتىر ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ: «سىز يالغان گەپ قىلىشنىمۇ بىلمەيدىكەنسىز، بىلىشىڭىز كېرەككى، يالغان گەپ قىلىشنىڭ سىزگە ھېچقانداق پايدىسى يوق!» دېدى.

خونتىر بۇ ئادەمنىڭ گېپىگە نېمە ئۈچۈن ئىشەنمىدى؟

جاۋابى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# 65

## مىس ئالۋاستى

مۇشۇ كۈنلەردە توكيو شەھەر رايونىدا بىر مىس ئالۋاستى پەيدا بولۇپ، كېچىسى ھەممە يەردە دېلو سادىر قىلىدىغان بولۇۋالدى.

ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگۈچىلەرنىڭ تونۇشتۇرۇشىغا ئاساسلانغاندا، بۇ مىس ئالۋاستى ماشىنا ئادەمگە ئوخشايدىكەن، يول ماڭغاندا چىشلىق چاقنىڭ ئاۋازىنى چىقىرىدىكەن. ئۇ يېرىم كېچىدە ئاۋات كوچىلاردا پەيدا بولۇپ، تۆمۈر بېغىشى بىلەن مەرۋايىت دۇكانلىرىنىڭ ئەينەكلىرىنى چېقىپ، قىممەت باھالىق ئۈنچە - مەرۋايىتلارنى ئوغرىلاپ كېتىدىكەن.

بىر كۈنى ئاخشىمى، مىس ئالۋاستى يەنە پەيدا بولۇپ دېلو سادىر قىلىۋاتقاندا ئېھتىياتسىزلىقتىن ساقچىغا مەلۇم قىلىش قوڭغۇرىقىغا تېگىپ كېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئامانلىق قوغدىغۇچىلار ئۇنى قوغلاپتۇ. بۇ مىس ئادەم چىشلىق چاقنىڭ ئاۋازىنى چىقىرىپ، ھەر تەرەپكە قېچىپتۇ، ئاخىرىدا، قېچىپ بېرىپ ئېگىز بىر مۇنارغا چىقىۋاپتۇ.

ئامانلىق قوغدىغۇچىلار كۆزىتىش چىرىغىنى ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭ ئىزىنى يورۇتقاندا، ئۇ ناھايىتى ھارغىن قىياپەتتە يۇقىرىغا يامىشىپ چىقىپ كېتىۋاتقان ئىكەن ئۇ ئەڭ ئۈستىگە ئاز قالغان چاغدا، بەدىنىدىن بىر ئۇچقۇن چىقىرىپلا غايىب بوپتۇ.

تۆۋەندە كۆزىتىپ تۇرغان ئامانلىق ساقلىغۇچىلار بۇ ئەھۋال-

دىن قورقۇپ قېتىپ قاپتۇ، ئۇلار ئېسىگە كەلگەندىن كېيىن، پە-
لەمپەي بىلەن بىنا ئۈستىگە چىقىپتۇ.

ئۇلار بىنا ئۈستىگە چىقىپ، ئۆينىڭ قۇرۇق ئىكەنلىكىنى، دېرىزە ئىچىدىن قۇلۇپلاقلىق بولۇپ، ئاللىبۇرۇن داتلىشىپ، يېقىندا ئېچىلىپ باقمىغانلىقىنى كۆرۈپتۇ، مىس ئالۋاستى بۇ يەرگە كەلگەن، لېكىن ھازىر ئۇنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. ئۇلار بۇ ئۆينى ئالا قويماي ئاختۇرۇپ چىققان بولسىمۇ، ئۇلار يوشۇرۇنغىلى ياكى قېچىپ كەتكىلى بولغۇدەك بىرەر جاينى بايقىماپتۇ. پەلەمپەينىڭ چىقىش ئېغىزىدا بىر جاي بارئىكەن، لېكىن ئۇ يەرنى نۇرغۇن ئامانلىق قوغدىغۇچىلار قورشاپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇنار شۇنچە ئېگىز بولغاچقا، تۆۋەنگە قېچىپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن.

لېكىن، ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىنىڭ ئۈستى تەرىپىدە تەخمىنەن 15 سانتىمېتىر كېلىدىغان مورا ئىزى بارئىكەن، پەقەت يەر ئۈستىدىكى چاڭ - توزاڭلار ئۈستىدە بىرەر نەرسە سۆرەلگەندەك بىر ئىز بار ئىكەن، بۇ نەق مەيداندىكى بىردىنبىر يىپ ئۇچى ئىكەن.

مىس ئالۋاستى قانداق كەتكەن؟

**جاۋابى:**

مىس ئالۋاستى مورىدىن يامىشىپ چىقىپ، ئاندىن ئۆگزىدىكى شار ئارقىلىق قېچىپ كەتكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# 66

## خەت يېزىلمىغان ۋەسىيەتنامە

بىر بويتاق بوۋاي ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىدىكى داچىسىدا ئۆلۈپ كېتىپ، جەسىتى بىر كۈندىن كېيىن بايقالغان. ئۆلگۈچى ئۇيقۇ دورىسىنى بەك كۆپ يەۋالغان. شىرە ئۈستىدە كۆلدانغا با-سۇرۇقلۇق بىر ۋاراق ئاق قەغەز بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدا بىر بوتۇل-كا ئاچچىقسۇ تۇراتتى.

جەسەتنى بايقىغۇچى ئۆلگۈچىنىڭ تۇغقىنى بولۇپ، ئۇزۇندىن بۇيان كېلىپ باقمىغان بۇ ئادەم تۇيۇقسىز ئۇ بوۋاينى يوقلاپ كەلگەن.

ئۆي ئىچىدە بىر مۇنچە قەپەس بولۇپ، قەپەستىكى قۇشلار خوجايىنىنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىنى بىلمەي، خۇشال ھالدا سايراش-ماقتا ئىدى.

«بۇ بوۋاي ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا قۇشلارنى ئاسراش جەمئىيە-تىنىڭ رەئىسى بولغان» دېدى، جەسەتنى بايقىغۇچى.

جىنايى ئىشلار ساقچىسى قەپەستە قۇشلارنىڭ تۇرغىنىنى كۆرۈپ، ئەگەر ئۆلگۈچى قۇشلارنى ئاسراش جەمئىيىتىنىڭ رەئى-سى بولسا، ئۆلۈۋېلىشتىن بۇرۇن قۇشلارنى قويۇپ بەرگەن بولات-تى. ئەگەر ئۆلۈۋالغاندىن كېيىن ئۇزۇن مۇددەت بايقالمىسا، قۇشلار ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلگەن بولاتتى. قۇشلارنى ئاس-رىغۇچىلار قۇشلارنى ھەرقانداق ئادەمدىنمۇ بەكرەك ئاسرايدۇ، لې-كىن قۇشلارنى قەپەستە قويۇپ ئۆلۈۋېلىشنى تەسەۋۋۇرغا سىغ-

دۇرغىلى بولمايدۇ دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كەسكىن يەكۈن چىقاردى: «ئەگەر شۇنداق بولسا، جەزمەن باش-قىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.»

«لېكىن بۇ قەغەزگە قاراپ باقايلى، ئۇ بىزگە نېمە ئىش ئە-كەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.» رازۋېدكىچىلار باشلىقى خونتىر شۇنداق دەپ، قەغەزنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە چاقماق يېقىپ قاقلىدى، مانا بۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىشنىڭ ئاساسى.

جاۋابى:



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# 67

## قۇش مايىقى

تاۋتەيلاڭ ۋەنلىزىنىڭ قورسىقىنى دومبايتىپ قويغاندىن كېيىن، يۇقىرى ماھارەت بىلەن خوت يۆتكەپ، ئۇلارنىڭ شىركەت خوجايىنىنىڭ قىزىنى قوغلاشتى. ئازراق تەر تۆكۈپ، بۇرۇنراق باش كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇ ۋەنلىزىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش كېرەك دەپ قارىدى، شۇنداق قىلغاندا تۇرمۇشتىن كۆڭۈلدىكىدەك لەززەت ئالغىلى بولاتتى.

كەچتە تاۋتەيلاڭ ۋەنلىزىنىڭ ئۆيىگە كەلگەن چاغدا، ۋەنلىزى ئۆزىنىڭ ئامراق قۇشلىرىنى بېقىۋاتاتتى، ۋەنلىزى تاۋتەيلاڭنى كۆرۈپ: «مەن ئېغىر بوي بولۇپ قالغىلى تۆت ئاي بولدى، سەن زادى قانداق قىلماقچى؟» دېدى.

«نېمانچە قىلىسەن، مېنىڭمۇ قىيىنىلىدىغان يەرلىرىم بار.» تاۋتەيلاڭ شۇنداق دېگەچ، چاپىنىنى سالغان قىياپەتتە ۋەنلىزىنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ، ئۇنىڭ گېلىنى قاتتىق سىقتى، تاكى ۋەنلىزىنىڭ نەپىسى توختىغىچە قولىنى ئاجراتمىدى. دان يەۋاتقان قۇشلارمۇ ئۈركۈپ ئۇچۇپ كەتتى.

تاۋتەيلاڭ ئىزىنى يوقاتقاندىن كېيىن، مېترو (يەر ئاستى پويىزى) غا ئولتۇرۇپ، بىر تورخانىغا بېرىپ، تاكى تورخانا ئىشتىن چۈشكىچە ئويناپ ئاندىن قايتتى. خوجايىنىنىڭ ئېسىدە چوڭقۇرراق قېلىپ، ئۇنى ئىسپات قىلىش ئۈچۈن، تاۋتەيلاڭ بۇ چىرايلىق ئايالغا بىرنەچچە ئېغىز چاقچاق قىلىپ قويدى.

ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە، جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى ئۆيـ

نىڭ ئالدىدا ئۇنى ساقلاپ تۇراتتى.

«سىز كۇتكۇچى جاۋخۇ ۋەنلىزىنى تونۇيدىغانسىز. بۇگۈن كەچ سائەت 8 ئەتراپىدا سىز ئۇنىڭ ئۆيىگە باردىڭىز، شۇنداقمۇ.» جىنايى ئىشلار ساقچىسى بىۋاستىلا شۇنداق سورىدى.

«ياق، بارمىدىم، مەن كەچتىن تارتىپ هازىرغىچە شىنسۇدىكى بىر تورخانىدا ئويناپ كەلدىم. ئۇنىڭغا نېمە بوپتۇ؟» تاۋ تەيلاڭ بىلمەسكە سېلىپ، شۇنداق دېدى.

«سائەت توققۇز يېرىم ئەتراپىدا، ئۇنىڭ ئىنىسى ئاچىسىنىڭ ئۆيىگە بارغاندا، ئۇنىڭ ئۆيىدە ئۆلۈپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ، ئۇنىڭ دېيىشىچە ۋەنلىزىنىڭ قورسىقىدىكى بالا سىزنىڭ ئىكەن. سىز ئۇنى ئىشىمغا كاشىلا بولىدۇ دەپ ئۆلتۈردىڭىز شۇنداقمۇ.»

«يوق گەپ، مەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلماقچى بولۇۋاتسام.» تاۋ تەيلاڭ رەددىيە بېرىپ شۇنداق دېدى.

«سىز هەرقانچە يالغان گەپ قىلسىڭىزمۇ كېچىكتىڭىز. قاراڭ، ئادەم ئۆلتۈرگەن نەق مەيداندىن قېپقالغان ئىسپات چاپىنىڭىزدا تۇرۇپتۇ.»

جاۋابى:



# 68

## ئىككى جىنايەت گۇماندارى

ھەر شارنىنى بىر ئايلانغان ئالىي دەرىجىلىك يولۇچىلار پاراخوتى تېنچ ئوكيانغا يېتىپ كەلگەندە، قارا بورانغا يولۇقتى. بوران ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، كېمە قۇيرۇقىدىكى پالۇبىدا، بىر ئايالنىڭ جەسىتى بايقالدى. ئۆلگۈچىنىڭ ئىسمى تيەنجوڭ لياڭزى بولۇپ، كېيىم لايىھەلىگۈچى ئىدى، ئۇ پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

دېلو بىپايان تىچ ئوكياندا يۈز بەرگەن. شۇڭا قاتىل چوقۇم پاراخوتتا ئىدى. كاتېرغا ئولتۇرۇپ قاچتى دېگەندىمۇ ھايات قېلىش مۇمكىنچىلىكى ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن...

ئەمەلىيەتتە پاراخوتتىكىلەردىن ئىككى ئادەمنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈش مۇددىئاسى بار ئىدى.

چۇەنداۋسىلاڭ — ئۆلگۈچىنىڭ جيەنى بولۇپ، ئۇنىڭ مال - مۈلكىنىڭ مىراسخورى ئىدى. ئۇ قىمار ئويناپ كۆپ قەرزگە بوغۇلۇپ كەتكەچكە قەرز قايتۇرۇشنىڭ غېمىدە يۈرەتتى. ئەگەر ئۇ جەسەتنى دېڭىزغا تاشلىۋەتسە ھېچكىم تاپالمايتتى. بۇ خىل ئەھۋال قانۇندا ئىز - دېرەكسىز يوقالدى (ئادەتتە يەتتە يىل) دەپ قارىلاتتى. بۇ ھالدا ۋەسىيەتنامە يەتتە يىلغىچە قانۇنى كۈچكە ئىگە بولمايتتى، يەنى قانۇن ئۆلگۈچىنى ئىز - دېرەكسىز يوقالدى، دەپ ئېلان قىلمىغىچە چۇەنداۋ سىلاڭ مال - مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلالمايتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، قەرزگە بوغۇلۇپ كەتكەن چۇەنداۋسىلاڭ




مىراسقا بالدۇرراق ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن، جەسەتنى پالوبىغا
تاشلاپ قويۇشى كېرەك ئىدى.

لېكىن چۆەنداۋنىڭ پاراخوتتا بېشى قايىدىغان بولغاچقا، ئىز-
چىل سىرتقا چىقمىغان.

گوڭبىن خاۋئېر — ئۆلگۈچىنىڭ كاتىپى بولۇپ، دېڭىز سە-
پىرى جەريانىدا خىيانەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئىشتىن قالدۇرۇل-
غان ئىدى. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ماتېريال يېزىۋاتاتتىم، دېگەن.

ئۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ دېگىنى راست؟

## بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى — 1

جاۋابى:

قاتىل كاتىپ. پاراخوت قارا بوراندا قاتتىق سىلكىنىپ تۇرغان ئەھۋالدا، ئۇ خەتنى شۇنداق رەتلىك ھەم چىرايلىق يازغان. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ھۆججەتنى ئىشتىن ئاۋۋال تەييارلاپ قويغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ ئۆلگۈچىنىڭ كاتىپى بولغاچقا، ئۇنىڭ جىيەنىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىدۇ. كاتىپنىڭ جەستىنى دېڭىزغا تاشلىۋەتمەسلىكى، ساقچىلارنى قايمۇقتۇرۇپ، ئۆلگۈچىنى جىيەنى ئۆلتۈرگەن قىلىپ كۆرسىتىشتىن ئىبارەت.

# 69

## كىر يۇيۇش دۇكىنىدىكى خېرىدار

فاڭزى بەيشەن شەھىرىدە كىر يۇيۇش دۇكىنى ئاچتى.

ئۇ ئورۇننى ياخشى تاللىغان بولغاچقا، ئىش باشلاپلا تىجارىتى يۇرۇشۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ئادەم يېتىشىپ بولالماي، ئەمگەك كۈچى بازىرىدىن ئىككى ئايال خىزمەتچى تەكلىپ قىلدى. بۇ ئىككىيلەننىڭ ياش پەرقى چوڭ ئەمەس بولۇپ، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا بىر - بىرىگە قىيىن سوئال قويۇشنى ياخشى كۆرەتتى.

فاڭزى ئۇلارغا بۇ ئىشنى تۈزىتىش توغرىسىدا كۆپ قېتىم نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆزگەرتمىدى، بىكار بولۇپ قالسىلا بىر - بىرى بىلەن گەپ تاكاللىشىپلا يۈردى.

بىركۈنى خىزمەتچى A پۇتىنى يۇيۇۋېتىپ، B نى قىيناشنى ئويلاپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ B غا مەن بىر سوئالنى ئوتتۇرىغا قويىمەن، جاۋاب بېرەلمىسەڭ پۇتۇمنى سۈرتۈپ قويىسەن، پۇتۇمنى يۇغان سۇنى تۆكىسەن دېدى. ئەزەلدىن ئۆزىنى ئۇنىڭدىن قېلىشمايمەن دەپ يۈرۈيدىغانB قوشۇلۇپ «ھى، ھى، قېنى دېگىنە، مەن سېنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى



پۇتۇڭنى يوغان يوندىنى تۆكۈشنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىمەن» دېدى.

«بىز باشقىنى قويۇپ تۇرۇپ، گەپنى مۇشۇ دۇكاندىن باشلايلى» دېدى ئايال خىزمەتچى A.

پەقەت چاپاندىلا يۇيغۇزىدىغان خېرىدارلار، ئىشتان يۇيغۇزىدىغان خېرىدارلارغا قارىغاندا بىرسى كۆپ؛ ئىشتان، چاپان ۋە يوپكىسىنى يۇيغۇزىدىغانلار، يوپكا يۇيغۇزىدىغانلارنىڭ ئۈچ ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ؛ چاپان بىلەن يوپكا يۇيغۇزىدىغان، ئىشتان يۇيغۇزمايدىغانلار، يوپكا بىلەن ئىشتان يۇيغۇزىدىغان، لېكىن چاپان يۇيغۇزمايدىغان خېرىدارلارغا قارىغاندا بىرسى كۆپ؛ توققۇز ئادەم پەقەت ئىشتان يۇيغۇزىدۇ؛ پەقەت چاپاندىلا يۇيغۇزىدىغانلار بىلەن ئىشتان ۋە يوپكا يۇيغۇزۇپ چاپان يۇيغۇزمايدىغانلارنىڭ سانى تەڭ. 32 نەپەر خېرىدار يوپكا يۇيغۇزمايدۇ. 24 نەپەر خېرىدار چاپان يۇيغۇزمايدۇ.

ئەمدى سەندىن سوراپ باقاي:

1. قانچە نەپەر خېرىدار ئۈچ خىل كىيىمنىڭ ھەممىسىنى يۇيغۇزىدۇ؟

2. قانچە نەپەر خېرىدار ئۈچ خىل كىيىم ئىچىدىن بىر خىلنىلا يۇيغۇزىدۇ؟

3. قانچە نەپەر خېرىدار پەقەت چاپانلا يۇيغۇزىدۇ؟

4. قانچە نەپەر خېرىدار ئۈچ خىل كىيىم ئىچىدىن ئىككى خىلنى يۇيغۇزىدۇ؟

5. خېرىدار جەمئىي قانچە نەپەر؟

خىزمەتچى B جاۋاب بېرەلمىدى.

جاۋابى:

15 نەپەر خېرىدار ئۈچ خىل كىيىمنىڭ ھەممىسىنى يۇيغۇزىدۇ؛ 24 نەپەر خېرىدار ئۈچ خىل كىيىم ئىچىدىن بىر خىلنىلا يۇيغۇزىدۇ؛ 10 نەپەر خېرىدار پەقەت جاپان يۇيغۇزىدۇ؛ 34 نەپەر خېرىدار ئۈچ خىل كىيىم ئىچىدىن ئىككى خىلنى يۇيغۇزىدۇ، خېرىدارلار جەمئىي 73 نەپەر.

图书在版编目(CIP)数据

一分钟探案.1：维吾尔文／(日)高桥升平主编；阿卜力米提·穆海麦德·罗根译. — 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2011.3
(享受少儿名著丛书.第5辑)
ISBN 978-7-5469-1442-8

Ⅰ.①一… Ⅱ.①高… ②阿… Ⅲ.①智力游戏—少儿读物—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①G898.2

中国版本图书馆CIP数据核字(2011)第035735号

丛 书 名 享受少儿名著丛书 – 5 (6)
书　　名 一分钟探案.1
策　　划 艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯
主　　编 高桥升平
翻　　译 阿卜力米提·穆海麦德·罗根
责任编辑 买哈巴·铁外库
责任校对 努尔阿利亚·阿布都克热木
特约校对 阿不都热依木·阿不力米提
封面设计 努尔买买提·吾买尔
出　　版 新疆美术摄影出版社
新疆电子音像出版社
地　　址 乌鲁木齐市西虹西路36号
邮　　编 830000
发　　行 新疆新华书店
印　　刷 新疆新华华龙印务有限责任公司
开　　本 880×1230mm 1/32
印　　张 5.125
版　　次 2011年3月第1版
印　　次 2011年3月第1次印刷
书　　号 ISBN 978 – 7 – 5469 – 1442 – 8
总 定 价 224.00元 (全10册)

(书中如有缺页、错页及倒装请与工厂联系)

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن

ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلەردىن بەھرىلىنىش مەجمۇئەسى - 5

چاھار دەرۋىش
قىسسەئى مەشرەپ
ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى
ئۇيغۇر خەلق بالىلار قوشاقلىرى
جاھاننامە
بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى -1
بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى -2
بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى -3
بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى -4
بىر مىنۇتلۇق رازۋېدكا ھېكايىلىرى -5

12.00

ISBN 978-7-5469-1442-8
9 787546 914428 >
总定价：224元（全10册）